ئابدۇكېرىم ئابلىز



# ئېتيۇدلىرى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# ئابدۇكېرىم ئابلىز



# ئويۇنلىرى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **رامىلە ئابلا**
مەسئۇل كوررېكتورى: **دىلىيار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتۇتلىرى

ئاپتورى: **ئابدۇكېرىم ئابلىز**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئۈمىد باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230×880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.625
2011 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 11 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978-7-5371-9346-7
باھاسى: 12.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



## مۇندەرىجە

سەن كىم؟ مەن كىم ........ 1
كۆڭلۈم ........ 8
بەش مىليونلۇق خىيال ........ 18
يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ........ 29
تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق ........ 37
كونا ئاياغ ........ 48
يىراقتىكى موللا داموللا ........ 55
ھەۋەسكارنىڭ يېڭى ھەۋىسى ........ 63
بۇزۇق تېلېۋىزور ........ 75
ئەسكى تۇماقىقا سېسىق كاللا خېرىدار ........ 82
ئىسسىتقۇنىڭ كۈچى ........ 93
ئارچىغا ئالتە تاياق ........ 105
ھەر كاللىدا ھەر خىيال ........ 113
ئاشخانىدا ........ 122
مەككار سودىگەر ........ 130

# سەن كىم؟ مەن كىم؟

**قاتناشقۇچىلار:**

A: ئەسقەرجان، ئىشسىز.

B: A نىڭ دوستى، شىركەت خىزمەتچىسى.

**ۋاقىت:** پەسىل چەكلىمىسى يوق.

**ئورۇن:** يول ئۈستى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ھېچقانداق سەھنە مەنقۇلاتى قويۇلمىغان.

B: (ئارقىسىغا قاراپ سەھنە سىرتى تەرەپتىن سۆزلىگەچ چىقىپ كېلىدۇ) ھەي، ھەي! بولدى قىلە! ماڭە - ماڭە! ھەي ئاداش، بولدى قىلە، ماڭە دېگەندىكىن ماڭە!

A: (تېرىكىپ چىقىدۇ) ئەستاغپۇرۇللا جۇما... ئاشۇ قاپاققىلا بىرنى سالغۇم كېلىۋاتىدۇ، بىر ئۇرۇپ بۇرنىدىن بولاق، ئاغزىدىن يۇملاق چىقىرىۋېتەي دېگەن ماۋۇنىڭ، كۆردۈڭلىما، ئاداش، كۆردۈڭلىما؟ ئاۋۇنىڭ قىلغان سالىمىنى كۆردۈڭلىما؟

B: ۋاي كۆردۈم، ئاداش، كۆردۈم. بىر چىرايلىق سالام قىلدىغۇ، بۇنىڭ نەرى يامان؟

A: سەن كۆرمەيسەن، ئاداش، ئاۋۇنىڭ سالىمىنى كۆرمەيسەن. (ھاكاۋۇر ھالەتنى ئىپادىلەپ) «سالامۇئەلەيكۇم! تىنچ - ئامان تۇردۇقما؟» دەپ قوياپ كېتىپ بارىدۇ دەيمەن ئاۋۇ.

B: ۋاي، سالام دېگەننى شۇنداق قىلماي قانداق قىلىدۇ؟

A: ھەي ئاداش، ئاۋۇ پۇل تاپماستا (قول باغلاپ ھۆرمەت بىلەن) «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەيتتى. ئەمدى ئىككى - تۆت تال پۇل تېپىپ (مەغرۇر) «سالامۇئەلەيكۇم» دەۋاتىدۇ. سالامۇئەلەيكۇم بىلەن ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئوخشامدۇ، ھەي ئاداش؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

B: سەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكەنسەن، ئىككى سەككىز ئون ئالتە. ئوخشاش گەپقۇ.

A: قانداق ئوخشايدۇ ـ هە؟ بىز بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ بالىۋاقىسىما ئاشۇ؟ پارچە نان يەپ چوڭ بولغان، تۇل خوتۇننىڭ بالىسى ئىدى، ئەمدى ئىككى ـ تۆت تال پۇل تېپىپتىكەن قايىلا ماۋۇنىڭكى... نېمىسگە شۇنچە پوچىلىق قىلىدۇ، ئاداش؟

B: ئەستاغپۇرۇللا... هەممە ئىش تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ، قارا، ئۇ ئەنە شۇنداق تىرىشقاچقا مانا كۆرۈۋاتىمىز، يەتتە قەۋەتلىك بىنادىن بىرنى سالدى، ئىشسىز قالغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟

A: يەتتە قەۋەتلىك بىنادىن بىرنى سالدى؟ تۆت كۇنلۇك ئىش ئۇ، چۇجىنى كۇزدە سانايمىز، ئاداش. شۇندا يولغا توغرا كېلىپ قېلىپ... ئۇ يەتتە قەۋەتلىك بىناسىنى چېقىۋەتسىغۇ تويىتتى. مەنمۇ بارغۇ، ئاداش، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئون قەۋەتلىك بىنادىن بىرنى سالىدىغانغا ئاللىقاچان تەييارلىقنى پۇتكۇزۇپ قويدۇم جۇما، لېكىن شۇ پۇل يوق.

B: (كۇلۇپ) هەي، «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۇش» دەپ قاراپ ياتساق پۇل ئۆزلۇكىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. شۇ پۇلنى تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز، ئەجىر قىلىپ تىرىشىشىمىز كېرەك ـ دە. ئەنە كۆرۈۋاتىسەن، كاللا ئىشلىتىپ جاپا تارتقاچقا، ئاۋۇ بىچارىنىڭ بېشىدا چېچىمۇ قالمىدى، ئاداش.

A: ۋىيەي ماۋۇ گەپنى... كاللا ئىشلەتكەچكە چۇشۇپ كەتكەن چاچمۇ ئاشۇ؟

B: هەئە.

A: ئاداش، ئىشلەيدىغان باشتا خىجىل بولۇپ چاچمۇ تۇرمايدۇ.

B: نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئاداش...

A: ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن بىر سورۇنغا بېرىپ قالدۇق، چەت ئەلدىن بىر يېقىن ئاغىنەم كەپتىكەن، ئۇ ئاغىنەم ئۇنىڭمۇ، مېنىڭمۇ يېقىن ئاغىنەم. ئىككىمىز مېھمان قىلدۇق، لېكىن





ئۇ سورۇندا كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە سەي دېگەننى دۆۋىلىۋەتتى، هەي ئاداش...

B: دۆۋىلىۋەتتى؟ سەنچۇ؟ سەن بۇيرۇتمىدىڭمۇ؟

A: مەنمۇ بۇيرۇتتۇم. هە، خاڭگانى غالتەك ئېتىپ بىر تەخسە، داپەنجى (چوڭ تەخسىلىك توخۇ قوردىقى)دىن بىر تەخسە، ئاندىن جيەنلىباۋ بىلەن كىلو (كولا) ئەكىلىپ قويۇپ ئولتۇردۇم شۇ.

B: ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

A: ئۇنىڭدىن كېيىن كۆزۈمگە مۇنداق بىر قارىۋېتىپ يەنە تۆت ـ بەش خىل سەينى بۇيرۇتۇۋېتىپ «ئەسقەجان!» دەيدۇ. (تۆۋەن ئاۋازدا) «داۋۇتجانما؟» دەپ قويۇپ ئولتۇردۇم. يەنە تۆت ـ بەش خىل سەينى بۇيرۇتۇۋېتىپ «ئەسقەجان!» دەيدۇ. مەنمۇ يەنە «داۋۇتجانما؟» دەپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردىم شۇ.

B: ۋوي، ئۇنىڭ تۆت ـ بەش خىل سەينى بۇيرۇتۇۋېتىپ «ئەسقەرجان!» دېگىنى نېمىسى؟ سېنىڭ «داۋۇتجانما؟» دېگىنىڭ نېمىسى؟

A: ئاداش، ئۇنىڭ زەهەردەك گېپى ئاۋۇ. «ئەسقەجان!» دېگىنى «هەي ئاداش، ئىككىمىز ماۋۇ مېھماننى تەڭ چاقىردۇق، مەنلا مېھمان قىلىپ سەينى بۇيرۇتۇۋېتەمدىم» دېگىنى. مېنىڭ «داۋۇتجانما؟» دېگىنىم «يانچۇق سەل بوشراق ئىدى، ئاداش» دېگىنىم.

B: كېيىنچۇ؟ كېيىن قانداق بولدى؟

A: كېيىن قانداق بولاتتى؟ «سەن بىلەنمۇ ئۇزۇن بولدى، كۆرۇشەلمىدۇق. ئەمدى ماۋۇ ئاغىنىمىزمۇ چەت ئەلدىن كەپتۇ» دەپ، پۇتاۋجۇ (ئۇزۇم هارىقى) ئەكىرسەم، ئەرلەر «داپ» ئىچەيلى، ئاياللار «راۋاب» دەپ، بىزگە «داپ» بىلەن «راۋاب»نى ئىچۇرۇپ هەممىمىزنى ئۇسسۇلغا سېلىۋەتتى دەيمەن. ئاۋۇ ئۆزى ئىچمىگەندىكىن ماڭىلا زورلامدۇ دەيمەن هاراقنى؟

B: بوپتىغۇ، بىر چىرايلىق هۆرمىتىڭنى قىپتىغۇ.

A: ئاشۇ هۆرمەتما؟ ئۇ هۆرمەت ئەمەس، دۇشمەنلىك. كۆز ـ كۆز

قىلغانلىق، ئاداش. يول ماڭالماي ھېرىپ قالغان، خوتۇن ئالالماي قېرىپ قالغان بىرنېمە ئىدى. ئىككى ـ تۆت تال پۇل تېپىپلا چىرايلىق خوتۇندىن بىرنى ئېلىۋالدى دەيمەن ئاۋۇ.

B: ھەي، ئۇ چىرايلىق خوتۇن ئالامدۇ، سەت خوتۇن ئالامدۇ، سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ دەيمەن.

A: نېمىشقا چاتىقىم بولمايدۇ، ئاداش، بىزنىڭ مەھەللىدە پۇلنىمۇ شۇ تاپسا، خوتۇننىڭ چىرايلىقىنىمۇ شۇ ئالسا بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟

B: بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ پۇل تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلمامسەن؟

A: قانداق ئامالىنى قىلىمەن؟ ماۋۇمۇ بىر يوغان لوبەن (باي) بولغاندىكىن، كىچىكىمىزدىن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغاننىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ شىركىتىدىن كىچىككىنە خىزمەت بەرمىسە.

B: (كۈلۈپ) ھەي، ئەتىگەندىن بېرى تىللاپ ـ قاقشاپ يۈرگۈچە باشتىلا مۇشۇنداق گەپنى دېسەڭ بولمامدۇ. قارا، ئاداش، ئۇ سېنى «بىزنىڭ شىركەتكە كېلىپ ئىشلىسۇن» دېدى. بىراق، «بىز بەرگەن خىزمەتنى يارىتارمۇ، ياراتماسمۇ» دەپ ئويلاپ قاپتۇ، ئاداش. مەنمۇ ھازىر شۇنىڭ شىركىتىدە ئىشلەۋاتىمەن.

A: مېنى «كەلسۇن، ئىشلىسۇن» دېدىمۇ ئاشۇ؟

B: ھەئە.

A: بوپتۇ، نېمە ئىش قىلىدىكەنمەن؟ نەدە ئىشلەيدىكەنمەن؟

B: گولوفاڭ (پار قازان ئۆيى)دا ئىشلەيسەن.

A: نەدە؟

B: گولوفاڭدا.

A: (تېرىكىپ ھەرىكەت ئارقىلىق پار قازان مۇنارى ۋە كۆمۈر تاشلاۋاتقان ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ).

B: ھەئە.

A: مەن گولوفاڭدا ئىشلىسەم ئۆزى نېمە ئىش قىلىدۇ ئاۋۇ؟

B: ئۇ دېگەن دوڭسىجاڭ! (لىدىر)





A: نېمە؟

B: دوڭسىجاڭ!

A: بۇ «دوڭسىجاڭ» دېگەن «مۇزلاپ ئۆل» دېگەن گەپقۇ ئۇ. ئەجەب ئوبدان بوپتۇ. بۇ يىل قىشتىن چىقالمىغۇدەكتە ئۇ لەقۋا.

B: ھەي، ھەي. مانداق ئېغىزىڭنى ئۇششۇتمە، ئۇ دېگەن باش لىدىر — دوڭسىجاڭ!

A: سەنچۇ؟ سەنچۇ ئەمىسە؟

B: مەنمۇ شۇ شىركەتنىڭ تارمىقىدىكى بىر زاۋۇتتا چاڭجاڭ (زاۋۇت باشلىقى).

A: ۋاھ، ماۋۇ گەپنى. بىرىڭلار چاڭجاڭ، بىرىڭلار دوڭسىجاڭ. مەن ئىي گولوفاڭغا خاڭجاڭ؟

B: سەن شۇ گولوفاڭغا مەسئۇل بولىسەن.

A: نېمە؟ مەنما؟ گولوفاڭدىكىلەرنى باشقۇرامدىم؟

B: ھەئە.

A: يوقلىمىسىنى ئۆزۈم قىلامدىم؟

B: ھەئە، ئۆزۈڭ قىلىسەن.

A: بوپتۇ، ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ ئىشلەي، لېكىن ئاۋۇ ئاداش چىداپ ئايلىقىمغا مىڭ كوي پۇل بېرەلەمدىكەن؟

B: (كۈلۈپ) 2500 كويدىن بېرىدىغان بولدى.

A: نەچچە پۇل؟

B: 2500 كوي.

A: مانا كۆردۈڭما؟ راست كۆز ـ كۆز قىلامدىكەن؟ پۇلۇم بار دەپ كۆز ـ كۆز قىلمىسا ماڭا 2500 كوي بېرەمدۇ ئاشۇ؟

B: ھەي، سەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ، جېنىم ئاداش. ئۇ سېنى قابىلىيىتى بار، باشقۇرۇش ئىقتىدارى بار دەپ شۇنچىلىك مائاش بىلەن مۇشۇ خىزمەتنى بېرىۋاتىدۇ.

A: بوپتۇ، ئىشلىسەممۇ ئىشلەي، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارمايمەن جۇما، ئاداش، گەپ بولسا ئۆزى ئالدىمغا كېلىپ دېسۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

B: ھەي، سەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارساڭ نېمە بوپتۇ؟ ئۇ سېنىڭ ئالدىڭغا كەلسە نېمە بوپتۇ؟ ئىككىسى ئوخشاش بىر گەپقۇ، ئاداش.

A: قانداق ئوخشايدۇ ـ ھە؟ ئىككىسى ئوخشاشمايدۇ، ئاداش. ئەگەر ئۇ مەن تونۇمايدىغان ئادەمنىڭ بالىسى بولسىغۇ مەيلىتى، لېكىن ئۇ ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان بىر قەلەندەر تۇل خوتۇننىڭ بالىسى ئەمەسمۇ، ئاداش. سەن ماۋۇ بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ تېگىنى بىلەمسەن ـ ھە؟

B: ھە، دېگىنە.

A: بىز دېگەن ئەينى ۋاقىتتا چىبەرقۇتتەك يول تاپقان، شىرمەنناندەك يۈز تاپقان، شەھەرمۇشەھەردە ئات كۆتۈرۈپ، جانان چىنىدە ئاش كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ بالىۋاقىسى جۇمۇۋۇي ئاداش.

B: ھەي... بىز قاچانغىچە «سەن كىم؟ مەن كىم؟» دەپلا يۈرىمىز. ئون كوي پۇل تاپساق توققۇز كوي پۇلى بارنى ياراتمىساق، ئون بىر كوي پۇلى بارى بىزنى ياراتمىسا، «سەن كىم؟ مەن كىم؟» دەپ پوچىلىق، داغۋازلىق قىلىپ يۈرگۈچە بىر ـ بىرىمىزنى قوللاپ، يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ يۈرسەك گۈللەپ ياشنىمامدۇق؟ بىر ئادەم ئازراقلا نەتىجە قازانسا ئۇنىڭ كەينىدىن پىتنە توقۇساق بىزگە نېمە پايدىسى؟ قولىمىزدىن ئىش كەلمەيدۇ ـ يۇ، خەقنى ياراتماي قۇسۇر تاپىمىز. قۇرۇق گەپ قىلىپ ئېغىزىمىزدا پىلنى تەۋرەتكەندىن، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ قىلنى تەۋرەتكىنىمىز ئەلا. بۇنداق ناچار ئىللەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشىمىز كېرەك.

A: ھىم! سىلىغۇ جىمى نەرسىنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان «چۇيفىڭجى» (چاچ قۇرۇتۇش ماشىنىسى)دەكلا بالا.

B: بولدى، قۇرۇق گەپنى قوي. يەنە تېخى بەزىلەر ئۆزىنى باشقىلاردىن بىلىملىك كۆرسىتىمەن، دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، باشقىلارنىڭ ياراتقان نەتىجىسىنى يوققا





چىقىرىۋېتىشنى، ھەتتا ئۇلارنى تۆرەلمە ھالىتىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئويلامدىكىنتاڭ... ئەگەر كارامىتىڭ بولسا سەنمۇ ئاشۇلار قىلغان ئەمەلىي ئىشتىن بىرەرنى قىلىپ بېقىپ، تالانتىڭ ئۇرغۇپ تېشىپ كېتىپ قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي بەكلا بىكار قالغاندا، ئاندىن خەقنىڭ كەينىدىن گەپ تاپمامسەن؟ ھەرقانداق ئادەم يېڭىدىن ئىش باشلىغاندا تەنقىدكە، قۇسۇر تېپىشقا ئەمەس، بەلكى قوللاشقا، رىغبەتلەندۈرۈشكە موھتاج. ئەڭ ياخشىسى، ئاداش، بىز ئۇنى قوللاپ قويايلى، قانداق؟

A: قوللاپ قويامدۇق؟ بوپتۇ، ئاداش، دېگىنىڭمۇ توغرا، قوللىساقمۇ قوللايلى. بىر خۇش بولۇپ قالسۇن ئاۋۇ تۇل خوتۇننىڭ بالىسى، بىر ئىشلەپ قوياي بۇنىڭ شىركىتىدە. يۈرە ئۇنداق بولسا.

B: ھەي، قوللاپ قويايلى ئەمەس، «قوللايلى! قوللىشىمىز كېرەك» دېمەمسەن؟

A: ھە، قوللىشىمىز كېرەك.

B: ئۇنداق بولسا، ھە، راست، توختا، ئاداش، ئاۋۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن يەنە «سەن كىم؟ مەن كىم؟» دەپ كونا خامانىنى سورۇپ، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلما جۇمۇ.

A: ۋاي، خاتىرجەم بوله ۋاي، ئاداش. بىرەر يۈز چېلەك يۇندى تۆكسەك تۆكىمىز، ئاغىنىنىڭ يۈزىنى تۆكمەيمىز جۇما بىز، ماڭە.

B: يۈرە، يۈرە. (ئىككىسى چىقىپ كېتىشىدۇ)

# كۆڭلۈم

**قاتناشقۇچىلار:**
A: ئارتىسلارغا ھەۋەس قىلغۇچى.
B: ئارتىس.
**ۋاقىت:** پەسىل چەكلىمىسى يوق.
**ئورۇن:** مەلۇم مېھمانسارايىنىڭ ياتىقى.
**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئىككى دانە ئورۇندۇق.

B بىر دانە مىنېرال سۇ بوتۇلكىسى كۆتۈرۈپ سۇ ئىچكەچ بىئارام ھالەتتە چىقىدۇ.

B: (ياندۇرغۇسى كېلىپ ھۆ قىلىپ ياندۇرالمايدۇ) ئۇھ، چىشلىۋاپتۇ. خەپ! ئولتۇرۇش دېگەنگىمۇ بارامدىغان. ئۇھ ۋايىيەي، ھاراق دېگەننىمۇ ئىچەمدىغان...
A: ئەسسالامۇئەلەيكۇم. (ناھايىتى خۇشخۇي ۋارقىراپ كىرىپ كېلىدۇ)
B: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋاي يەنە سىزغۇ؟
A: ھەئە، يەنە مەن.
B: يەنە نېمە بولدى؟
A: سورۇن تەييار بولۇپ قالدى، سىزنى بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇشۇپ بېرەمدىكىن دەپ كەلگەن. (B ئاچچىق كۈلىدۇ) ۋيەي ئاۋۇ كۈلگىنىنى...
B: تۈنۈگۈن ئاخشامقىنىڭ دەردىنى تېخىچە تارتىۋاتىمەن، مېنىڭ بۈگۈن سورۇنغا بارغۇدەك ھالىم يوق.
A: ياق... ياق. بۈگۈن جىق ئىچمەيمىز، سىزگىمۇ ھاراقنى





زورلىمايمىز. بۈگۈن پەقەت ئادەم بېشىغا بىر بوتۇلكىدىن ئىچسەكلا بولدى، قانداق؟
B: نېمە دەيدىغانسىز؟ ئاخشام ئىچكەن ھاراق ماڭا پەقەتلا سىڭمىدى. كېچىدىن قۇسۇپ - ياندۇرۇپ، ھېچ ھالىم قالمىدى.
A: قۇسۇپ؟! ئۇنداق بولسا، سىز ھاراق كۆتۈرىدىكەنسىز.
B: قانداق دەيسىز؟
A: «گۆشنى كۆتۈرگەن ئۇستىخان، ھاراقنى كۆتۈرگەن قۇسقان» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. بىردەم ئولتۇرايلىچۇ.
B: ئايھاي... يوق گەپنى قىلماڭە. سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئىچىش (ھاراقنى دېمەكچى) بۇنداق ئاسان بولغان بىلەن، قۇسۇپ - ياندۇرۇپ چىقارماق ئاسانغا توختىمايدىكەن.
A: بۇ دېگىنىڭىزمىغۇ توغرا. مۇشۇ ئەر كىشىنىڭ ھاراق ئىچىپ ياندۇرمىقى خوتۇن كىشىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكىنىدىنمۇ جاپالىقراق جۇما. ئەتىسىدىكى باش ئاغرىقى، ھېلىقى سېرىق سۇچۇ تېخى.
B: توغرا دېدىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ سورۇنۇڭلارغا بارماي.
A: ياق، ياق. بۇ گەپنى سىزگە دېگىنىمىز ئەمەس، سىز سورۇنغا بارمىسىڭىز پەقەت بولمايدۇ. ئاۋۇ ئاغىنە باللارغا سىزنى چوقۇم ئەكىلىمەن، دەپ پو ئېتىپ قويۇپتىمەن.
B: ۋاي، لېكىن مېنىڭ سورۇندا ئولتۇرغۇدەك ھالىم يوق دەۋاتىمەن.
A: ئولتۇرغۇدەك ھالىڭىز بولمىسا ياستۇق قويۇپ بېرىمىز، يۆلىنىپ يېتىپ بىرەر - ئىككىنى ئىچىشىپ بەرسىڭىزمۇ ھېساب دەيمەن.
B: مەن بۈگۈن ياتاقتا ئارام ئالىمەن، سورۇنغا بارمايمەن دەۋاتىمەن.
A: پەقەت بارغۇڭىز يوقما؟ ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى، سىز ئاۋۇ سورۇنغا بارماڭ، مەن ئاۋۇ سورۇندىكىلەرنى مۇشۇ يەرگىلا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





باشلاپ كېلىپ، مۇشۇ يەرگە سورۇن ئورۇنلاشتۇراي.

B: ئەمدى تېخى ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىدىغانلىقىڭ گېپىنى قىلىسىزغۇ.

A: شۇ، ئاۋۇلارنىڭ ئالدىدا، «سىزنى ئاپىرىمەن» دەپ ئاپىرالمىسام سەت تۇرامدىكىن دەيمەن... بوپتۇ، ئەمسە مۇنداق قىلايلى، سىزمۇ ئاۋۇ سورۇنغا بارماڭ. ئاۋۇ سورۇندىكىلەرمۇ بۇ يەرگە كەلمىسۇن. شۇنداق بولغاندىكىن، ئىككىمىز مۇشۇ يەردە بىرنى ئىچەيلى. (ئىچ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا هاراق چىقىرىدۇ، يەنە بىر يانچۇقىدىن رومكا چىقىرىدۇ، قويىدۇ)

B: ئاپلا... ماۋۇ ئىش بولمىدى. هەي... هەي!

A: شۈك ئولتۇرۇڭە، پۇلغا ئالغان نېمە بۇ، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ بىكار.

B: تارتىنماي هاراق قويۇۋاتىسىزغۇ بۇ يەردە؟

A: هى... بۇ هاراق ئەمەس.

B: هاراق بولماي نېمە؟

A: كۆڭلۈم!

B: هىم، ئادەمنى زەئىپلەشتۈرۈپ كاللىنى كاردىن چىقىرىدىغان بۇنداق كۆڭۈلنى كۆتۈرۈڭە نېرى!

A: قاراڭ، «ئاتىدىن بالىنى تاندۇرما، ‹كۆڭۈل›نى ئىچمەي ياندۇرما» دېگەن گەپ بار، بىرنى ئېلىڭە.

B: نېمانداق چۈشەنمەيدىغانسىز. بۈگۈن كەچتە ئويۇن بار، بىز بۇ يەرگە ئويۇن قويغىلى كەلدۇق. نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلار ئويۇن كۆرگىلى كەلسە مەن هاراق ئىچىپ سەهنىگە چىقسام مېنى قوللاۋاتقان تاماشىبىنلارغا هۆرمەتسىزلىك قىلغان بولمامدىمەن؟

A: هېچنېمە بولمايدۇ، ئەگەر سەهنىگە بىرەر رومكا هاراق ئىچىپ چىقىدىغان بولسىڭىز، قاراڭ، ناخشا ئېيتقاندا بۇلبۇلدەك سايراپ، كېپىنەكتەك يايراپ، مەجنۇنتالدەك چېچىلىپ، ناخشا ئېيتقاندا ئېچىلىپلا كېتىسىز دەيمەن. «هى... ها... ها...» قىلىپچۇ. پۈتۈن پەيزىڭىز چىقىدۇ.

B: مەن هاراق ئىچمەي سەهنىگە چىقسامۇ ئېچىلىپ - چېچىلىپ هەرىكەت قىلالايمەن.

A: ۋاي - ۋۇي، ماڭا قاراڭە! سىز دېگەن بىزنىڭ پەخرىمىز، چولپانىمىز. ماۋۇ بىر رومكا هاراق سىزگە تۇتقان كۆڭلىمىز. نېمانداق چۈشەنمەيسىز؟

B: رەهمەت، بۇ كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىل بولدى. مېنى چولپان دەپ ئېتىراپ قىلغىنىڭىزغىمۇ رەهمەت. هەي، بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئايىساق، سىلەرمۇ بىزنى ئازراق ئاۋايلاشنى، مۇشۇ چولپانلارنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىقنى ئويلىساڭلار بولمامدۇ؟

A: ۋاي، خاتىرجەم بولۇڭەۋەي، چولپان! سىزنى هەرگىز ئۆچۈرۈپ قويمايمىز دەيمەن. ئەگەر شۇنداقلا ئۆچۈپ قالاي دېسىڭىز پىلىكىڭىزنى كولاپ چاقنىتىۋېتىمىز هەي! يەنە بىر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭ، «هاراق ــ كېسەلدىن يىراق» دېگەن گەپ بار. بىرەر رومكا ئىچىپ قويسىڭىز ئاشقازان - جىگەر دېگەندەك ئىچكى ئەزالىرىڭىزنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ كېسەل يۇقمايدۇ. مانا بۇ سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە كۆڭۈل بۆلگىنىمىز، سىزنى كۆتۈرگىنىمىز، چوڭ بىلگىنىمىز ئەمەسمۇ؟

B: ماڭا هاراق زورلىغىنىڭىز مېنى كۆتۈرگىنىڭىز، قوللىغىنىڭىز، چوڭ بىلگىنىڭىزما؟

A: هەئە.

B: رەهمەت! رەهمەت سىزگە. هىم، مەن سىزگە دەپ قوياي قاراڭ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان چولپانلىرىمىز ئۆتكەن. ئۇلار ئازراق نام چىقىرىشى بىلەن بىرسىنى خىروئىنغا، بىرسىنى هاراققا زورلاپ، «ئۇلارنىڭ پەيزىنى كۆرىمىز» دەپ هەر خىل ۋاستىلەرنى قوللاندۇق. ئاخىرى ئۇلار ئىچىپ - چېكىپ پەيزى قالمىغاندا ئارىمىزدىن

ئابدۇكېرىم ئابلىز ئەسەرلىرى





شاللىدۇق، ھەتتا بەزىلىرىنى ئۇدۇللا ئۇ دۇنياغا يوللىدۇق! قېنى ئاشۇ ناخشىچىلار؟ قېنى ئاشۇ سازەندىلەر؟ بۇرۇن پەيزى بار ۋاقىتتا بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈردۇق. ئاخىرى كەيپ ـ ساپا يولىدا يۈرۈپ پەيزى قالمىغاندا يەنە قوپۇپ كەينىدىن ئۆزىمىز تىللىدۇق، تۆھمەت قىلدۇق. ئۇلاردىن قالغىنى ياخشى نام بولدىما؟ «هاراقكەشتى»، «زەھەر چەككەن» دېگەندىن باشقا نام بولمىدى. بۇنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى بولدى؟ بوپتۇ، بىز چوڭلارغۇ مۇشۇنداق ئىچىپ يۈرەيلى، لېكىن بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلار، بىزنىڭ ئىزباسارلىرىمىز قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە؟

A: گەپ قىلمىسام نېمە دەپ چامغۇر سالمىغان ئۇماچتەك «پىتىق ـ پىتىق» قايناۋېرىسىز؟ مەن سىزگە زەھەر تەڭلىمىدىم، كۆڭلۈمنى سۇنۇۋاتىمەنغۇ. بىرەرنى ئىچسىڭىز ئۆلەمسىز ـ يە؟

B: ئەستاغپۇرۇللا... ھەي، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ ھاراق ـ شارابسىز ناخشا ـ مۇقاملارنى ئېيتىپ، ئۇسسۇل ـ ساما، مەشرەپلەرنى ئويناپ بىزگە گۆھەر مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مۇشۇ ھاراق ـ شارابسىز بىرەر سورۇندا ئولتۇرغىلى بولماسمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىمىزنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن مۇشۇ ھاراق بوتۇلكىسىنى چېقىپىلىۋەتسەك بولماسمۇ؟

A: چاققىلى بولمايدۇ. بوتۇلكىسى خېلى چىرايلىق. ئاچچىقسۇ ئالغىلى لازىم بولارمىكىن؟

B: نېمە دەپ چاققىلى بولمايدۇ ـ ھە؟ ھەي، كېچىچە بىزدىن ئەنسىرەپ ئۆرە ئولتۇرغان خوتۇن ـ بالىلىرىمىز ئۈچۈن بىزنى مەست قىلىپ ھەر خىل كويلارغا، بىزنى ناشايان يوللارغا باشلايدىغان مۇشۇ بوتۇلكىنى چېقىپىلىۋەتسەك مېنىڭچە ھەممە ئادەم خۇش بولىدىغۇ دەيمەن؟!

A: ئەمدى... بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا. بۇ ھاراق دېگەن ئۆزىمىز خالاپ ئىچىدىغان ساراڭلىق دورىسى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە





چەت ئەللىكلەرنىڭ بىر يىل ئىچىدىغان ھارىقىنى بىز بىر كۈندە ئىچىۋالىدىكەنمىز. شۇنىڭدىن قارىغاندا، چەت ئەللىكلەرگە قارىغاندا بىزنىڭ ھاراق كۆتۈرىدىغان يېرىمىز سەل يوغانراق ئوخشىمامدۇ؟ مۇشۇ بىزدەك ھاراقكەشلەر، قاراڭ، مۇشۇ ھاراقنىڭ بوتۇلكىسىغىلا ئوخشايدىكەنمىز جۇما.

B: قانداق دەيسىز؟

A: قورسىقى بار، بوينى بار، بېشى يوق.

B: (قايىللىق بىلەن قول بېرىپ) ئەكىلىڭە قولىڭىزنى. مانا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلمامسىز. قۇلاققا خۇشياقىدەك گەپلەرنى قىلىڭ، نەدىكى قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلماي...

A: سىز خۇش بولدىڭىزما؟

B: خۇش بولدۇم.

A: سىزنى خۇش قىلالىدىما؟ راست خۇش قىلالىدىما؟ ياخشى! (رومكىنى تەڭلەپ) ئۇنداق بولسا سىزنى خۇش قىلالىغىنىم ئۈچۈن مۇشۇ بىرنى ئىچىۋېتىڭە.

B: توۋا... ۋاي يەنە زورلاۋاتىسىزغۇ؟

A: ياق، كۆڭلۈم، كۆڭلۈم...

B: مەن ئىچمەيمەن دېگەندىكىن زورلىماڭ.

A: ئېلىڭە، بىرنى... بىرنى...

B: مەن ئىچمەيمەن! ياق! ياق! ياق! ياق!

A: «ياق، ياق دەيدۇ، ياق، ياق دەيدۇ،
‹ھە› دېگەنلەر نەدە بار؟
ياخشىلار تۇتقان كۆڭۈلنى
ئىچسە يۈرەككە پايدا بار.»
ئېلىڭە!

B: ھەي! مەن ئىچمەيمەن دېگەندىكىن زورلىمىسىڭىز بولمامدۇ؟

A: ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، بۇنىڭ ئاچچىقىنى ئۆزۈم ئىچىۋېتىم، تاتلىقىنى سىزگە سۇندۇم.

B: يېرىمى ئاچچىق، يېرىمى تاتلىق بولىدىغان ئوتتۇرى بوٚلۇۋېتىلگەن خوگونىڭ قازىنىما ۋاي بۇ.

A: ۋاي – ۋۇي... ياراتمايۋاتىسىز شۇنداقمۇ؟

B: ياق، ئۇنداق ئەمەس.

A: بىزمۇ بىر كوٚڭۈل ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇق. سىلەرنىڭغۇ ئولتۇرىدىغان سورۇنىڭلار جىق. چوڭ – چوڭ رېستوران – پىستوران، داجۇديەن (مېھمانساراي) – پاجۇديەن. يېنىڭلاردا شياۋجې (قىز بالا — بۇ يەردىكى مەنىسى ھەمراھ بولغۇچى خېنىملار) — پاۋجې، ئالدىڭلاردا توخۇ گوٚشى – كاۋجى. شۇنداق ئولتۇرىسىلەر شۇنداقمۇ؟ ياراتمايۋاتىسىز؟!

B: ئۇنداق ئەمەس، سىز...

A: بىزدىمۇ كوٚڭۈل بار. بىرەرنى ئىچسىڭىز «غىنقىدە» ئوٚلەمتىڭىز دەيمەن؟! ئالايتەن ئالدىڭىزغا كەپتۇق... بوپتۇ، مۇنداق قىلايلى، قاراڭ، ئاغىنىلىرىمگە «بۈگۈن ئالايتەن مېھمان قىلىمەن» دەپ پو ئېتىپ قويۇپتىمەن. ھاراق ئىچمىسىڭىز ئەمىسە كوٚڭلىڭىزنى خۇش قىلغۇدەك باشقا بىرەر ئىشنى قىلايما؟

B: ھە، ئۇنداق بولسا مەيلى.

A: ئۇنداق بولسا «گاچچىدە» تېلېفون قىلىپ توٚت – بەش قىز بالىنى چاقىرىپ، تانسا – پانسا ئوينىغاچ ئولتۇرايلى، ئەمما سىزگە چۈشىدىغان بىرسى بار. سېمىز، بوغماق، ھۇپپىدە.

B: بۇنداق تېتىقسىز گەپنى قىلماڭە. نەدىن تاپتىڭلار مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى؟ بىزنىڭ ئوٚرپ – ئادىتىمىزدە نەدە بىرسىگە بىرسى قىز ئەكىلىپ بېرىدىغان ئىش بار؟ مەن خوتۇن – بالىلىرىمغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.

A: ۋاي – ۋۇي، ئىلگىرى – كېيىن خوتۇنىڭىزغا سادىق، بەشتە ياخشى، نەمۇنىلىك ئەركەنسىز. ئۇنداق بولسا دۇتار – پۇتارغۇ چېلىپ بېرەرسىز؟




B: ئۇنىڭغا بولىدۇ.

A: ياخشى! ئەمىسە كەيپىياتىڭىزنى كوٚتۈرۈش ئۈچۈن (قولىنىڭ ئالىقىنىنى ئوۋۇلاپ توٚۋەن ئاۋازدا) ئازراق نەشە – پىشە، قاپاق – پاپاق تېپىپ كېلەيمۇ؟ يامىنى بار!

B: مەن بۇنداق كەيپلەرنى قىلمايمەن، ئۇنداق مەينەت نەرسىنى، ئۇنداق قولىنىڭ كىرىنى مەن چەكمەيمەن.

A: تانسا – پانسا ئوينىمايسىز؟

B: ئوينىمايمەن.

A: ھاراق – شاراب ئىچمەيسىز؟

B: ئىچمەيمەن.

A: قاپاق – پاپاق چەكمەيسىز؟

B: چەكمەيمەن.

A: ئۇنداق بولسا بۇ دۇنياغا نى... نېمە بار دەپ كەلگەن؟ ئەگەر مېنى ئادەم ئەتسىڭىز مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرسىنى قىلىڭ. بولمىسا، «ياراتمىدى، كوٚزگە ئىلمىدى» دەيمەن جۇما، ئاداش.

B: ئەستاغپۇرۇللا...

A: مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرسىنى تاللاڭ! تانسا – پانسا! ھاراق! قاپاق!

B: مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرسىنى قىلمىسام زادىلا بولمامدۇ؟

A: ئىختىيارىڭىز، زورلىمىدۇققۇ بىز.

B: بوپتۇ، «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەن گەپ بار. ئالايتەن كەپسىز. كوٚڭلىڭىز يەردە قالمىسۇن. ئاۋۇ قىز بالا، قاپاق دېگەنلەرنى نەگە ئاپارسىڭىز ئاپىرىڭ. ئۇنىڭغا قارىغاندا مۇشۇ ياخشىراق ئوخشايدۇ. بوپتۇ، قۇيۇپ بېرىڭە، بىر رومكا ئىچەي.

A: مانا ئەمدى بۇرۇتى بار ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭىزھەۋەي، شاپ بۇرۇت! مۇنداق گەپنى قىلمامسىز. (رومكا تەڭلەيدۇ، B غا بەرمەي) توختاڭ!

يازدا شەپكە بولسا ياخشى، ماي تۇماق لازىم ئەمەس.
تۇتقىنىم ھۆرمەت شارابى، بۇ قۇرۇق تەزىم ئەمەس.

قېنى ئېلىڭ، ئەپەندى، نازلىنىش لازىم ئەمەس. خوشە! (B ئىچەلمەي يۆتىلىپ كېتىدۇ) ھاراقنى ھارام قىلدىدە ماۋۇ ئاداش تۇكۇرۇپ. خوشە! (B ئىچەلمەيدۇ) خوشەيت! (B ئىچەلمەيدۇ) ۋاي، گەنبى! (خەنزۇچە «خوشە»). قاراڭ ئېغىزىڭىزغا، شۇنداقلا ئالسىڭىز قالغان يېرى ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، ھە!... يائاللا ھارام بولۇپ قالغان كالىدەك ئىنجىقلاۋېرىدىكەن. (B ئىچىدۇ) ھە، بولدىغۇ مانا. (B ياندۇرماقچى بولىدۇ) ۋوي داسنى ئەكىلەيمۇ؟... چاتاق يوقتۇ؟

B: (سەسكىنىپ باش چايقاپ، سەل دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ) ئۇھ، ۋاييەي! (كېرىلىپ قول ـ پۇتلىرىنى بوش ھەرىكەتلەندۇرىدۇ).

A: ۋوي، بىر رومكا ھاراقنى ئىچە ـ ئىچمەي ۋۇ سۆڭ پالۋانىدەك چامباشقا چۈشۈپ كەتتىڭىزا سىز؟

B: بېشىمنىڭ ئاغرىقى قويۇۋېتىپ يېپيېنىكلا بولۇپ قالدىم.

A: ھە! ئاخشامقىنىڭ چىشىنى چېقىۋەتتۇق، ئەمدى چىشلىيەلمەيدۇ. ماك ـ ماك بولۇپ كەتتى. ھە، كېلىڭە، ئەمدى ئىچىدىكەنمىز مانا.

B: ھەئە، ئەمدى ئىچىمىز.

A: مانا ماۋۇ يەرلىرىڭىز كىمنى دورىغاندۇ ۋاي، ئادىشوي! (ھاراقنى قۇيىدۇ. B قول تەڭلەيدۇ) ئالدىرىماي تۇرۇڭ. مەنمۇ بار ماۋۇ يەردە. قولنى تەڭلەۋېرىدىكىنا، قېنى خوشە.

B: خوشە! (بارا ـ بارا مەست بولىدۇ).

A: مېنى ئادەم ئەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن.

B: ئىچىۋېتىڭ!

A: كۆڭلۈمنى يەردە قويمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن.

B: سىڭسۇن!





A: سىڭىپ كېتىشى ئۈچۈن.

B: كۆتۈرۈۋېتىڭ!

A: كۆتۈرۈۋېتىشىم ئۈچۈن.

B: داۋاي! (رۇسچە «ماڭايلى»، «تېز» دېگەن مەنىدە)

A: داۋاي!... ھە شېئىر! كونىلار:

«بىلدىمكى ئادىتى زەھەر چاقماقتۇر،
يىلاندىن بولمىدىم بىردەم خاتىرجەم.
ئۆزنى دوست كۆرسە، تىكەن دۈشمەن چىشلىسە،
ئۇنىڭ چىش زەھىرىگە تېپىلماس مەلھەم.»

دەپتىكەن. قېنى خوشە. (ئىچىدۇ) چۇخەي پۇرايدىغانلا ھاراقكىنا ماۋۇ. ھەي، تاتلىق بولسا قانچە ئىچەتتۇق بۇنى ھە! چىۋىن دورىسىدىنمۇ ئاچچىققكەن ماۋۇ. (B سۇنى تەڭلەيدۇ) ياق ـ ياق. مەن سوغۇق سۇ ئىچمەيمەن. قولۇم تىترەيدىغان بولۇپ قالدۇ.

B: قۇيۇڭە!

A: مەن ھازىر ئىچتىم.

B: ماڭا! «سۇيىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى، چۆپىنى يېگەنمۇ ئوغرى» دېگەن گەپ بار، قۇيۇڭە ئىچىمىز!

A: ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا ۋاي ئوغرى! (B نىڭ دولىغا شاپىلاقلايدۇ) ئەمدى ئىچىدىكەنمىز ـ دە بۇنى.

B: ئىچىمىز.

A: ياق، ئەمدى ئىچمەيمىز. بۇنى بۇ يەردە بۇنداق قۇرۇق ئىچسەك سەت تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ھېلىقى مەن دېگەن سورۇنغا كېتىپلا (تانسىنىڭ ھەرىكىتىنى قىلىپ) مۇنداق... كۆڭلىمىزنى خۇش قىلغاچ ئىچىپ كەلمەيلىمۇ؟

B: توغرا، ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئىچىش كېرەك، يۈرۈڭ، زاكۇسكا بار يەردە ئىچىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

A: توغرا! (ئۇلار ماڭىدۇ)

B: (توختاپ) ھەي، ئۇ يەرگە بارساق تانسا ئويناپ ئولتۇرغۇدەك قىز - يىگىتلەرنى تاپقىلى بولامدۇ؟

A: ۋاي خاتىرجەم بولغىنە ۋاي، بىز بار يەردە جىننىمۇ تاپقىلى بولىدۇ دەيمەن.

B: ئەمىسە ياخشى، ھە، راست، توختاڭ، ئاۋۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن دۇتار - تەمبۇر چېلىپ بېرەرمەن؟

A: ئەلۋەتتە.

B: ناخشا - ناخشا ئېيتارمەن؟

A: ئېيتىسىز. لەتىپە - يۇمۇردىن تارتىپ قوشۇپ...

B: شۇنداق بولغانىكەن، ھامىنى بىر رومكا ئىچىپتۇق، «تاز بولساڭ گەدەنگىچە» دېگەن گەپ بار. ئۇبدان پەيزىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈن ياخشى نەشە بىلەن قاپاق - پاپاق تاپقىلى بولامدۇ؟

A: خاتىرجەم بولۇڭ، پوپوتاڭدەك سوزۇلىدىغان دۇڭبىيخۇنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

B: ئۇنداق بولسا كەتتۇق.

A: يۇرۇڭ، مانا «ئادەمنىڭ مايمۇن بولمىقى بىر رومكا ھاراق، مايمۇننىڭ ئادەم بولمىقى مىڭ يىل يىراق» دەپتىكەن. مانا بۈگۈن بىز بىر - بىرىمىزنى تونۇمىغۇدەك، مايمۇن بولغۇدەك ئىچەيلى، يۇرۇڭ، ھاراقتىن بەختىمىزنى تاپايلى. كەتتۇق.

B: كەتتۇق. (چىقىپ كېتىشىدۇ)



# بەش مىليونلۇق خىيال

**قاتناشقۇچىلار:**
A، B: ئەر - خوتۇن
C: B نىڭ ئاكىسى
**ۋاقىت:** پەسىل چەكلىمىسى يوق.
**ئورۇن:** A، B ئەر - خوتۇننىڭ ئۆيى.
**سەھنە تۈزۈلۈشى:** بىر دانە تاماق ئۈستىلى، ئۈچ ئورۇندۇق.

B: (تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سومكىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا سىرتتىن خۇشال كىرىدۇ) ھەي! چاپسان بولۇڭە، بۇياققا چىقىڭە! بولۇڭە... تېز بولۇڭە...

A: مانا... مانا... (تېزلىك بىلەن ئىچىدىكى ئۆيدىن چىقىپ كېلىدۇ) ھە! نېمە بولدى؟ ھە! نېمە بولدى؟

B: (خۇشال ھالدا لاتارىيە بېلىتىنى كۆرسىتىپ) قاراڭ! بۇ نېمە؟

A: قەغەز.

B: ئوبدانراق قاراپ بېقىڭە، قانداق قەغەزكەن؟

A: پارچە قەغەزكەنغۇ شۇ؟

B: ماۋۇ قەغەزنىڭ ئۈستىدىكى قارا چېكىتلەرنى كۆرگەنسىز؟

A: ھەئە.

B: ئەمدى دەپ بېقىڭە، قانداق قەغەزكەن؟

A: قارا چېكىت بارمىكەن، ئۇنداق بولسا چۈشىن چىچىپ قويغان قەغەز.

B: تولا بىلمەسكە سېلىۋالماڭە. بۇ دېگەنچۇ، قاراڭ، بەش مىليون مۇكاپات پۇل چىقىدىغان لاتارىيە بېلىتى.

A: بەش مىليون مۇكاپات چىقىدىغان؟ ھە... ھە... ھە... (يالغاندىن

قىزىقىپ قويىدۇ)

B: سەل تۇرۇپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنى ئېلان قىلىدۇ، بىزگە بەش مىليون چىقىپ قالسا (خۇشال بولۇپ)، تەقدىرىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

A: يائاللا، بەش مىليون چىقىپ قالسا شۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ ئويلىشىپ بوپسەن - ھە؟

B: ۋىيەي، بەش مىليون پۇلۇم بار ئادەم قانداق خەجلەشنى بىلمىسەم بولماس؟

A: ۋوي، ھە.. ھە! قانداق خەجلەشنى ئويلىشىۋاتسەن، قېنى مەن بىر ئاڭلاپ باقاي - ھە!

B: ئالدى بىلەن قاراڭ، بىر مىليونغا يوغان داچا سېتىۋېلىپ غەربچە جۇاڭشيۇ (بېزەش) قىلىمىز.

A: نېمە شۇ؟

B: جۇاڭشيۇ! ئۆينى بېزەيمىز! تامغا قەغەز چاپلاپ...

A: تامغا قەغەز چاپلاپ؟ ھەي، سەن بىكاردىن - بىكارغا پۇلغا قەغەز ئېلىپ تامغا چاپلىغۇچە پۇلنىڭ ئۆزىنىلا چاپلىساڭ بولمامدۇ؟

B: مەن ئۆينى غەربچە بېزەيمىز دەۋاتىمەن، تامغا پۇلنى چاپلىساق غەربچە پۇراق چىقمايدۇ.

A: غەربچە پۇراق چىقىرىمەن دېسەڭ، ئۇنداقتا دوللار چاپلا، تازا چىقىدۇ.

B: ئىشقىلىپ، تامغا پۇلنى چاپلىساق غەربچە پۇراق چىقمايدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

A: يائاللا، ئېغىزىڭدىن غەربچە - غەربچە دېگەن گەپ چۈشمەيدىغۇ. ئۆيىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىزگە ماسلاشتۇرۇپ ئۇيغۇرچە بېزىسەك بولمامدۇ؟

B: ۋىيەي... بەك مەتۇ، بەك خۇراپىي جۇما سىز، ھازىر دېگەن ئۆينى ئۇيغۇرچە بېزەش مودىدىن قالدى، ئۇنىڭغا ھازىر ھېچكىم قىزىقمايدۇ.

A: ھەي، ئەلمىساقتىن تارتىپ بىزنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ۋە





مېمارچىلىقىمىز مەشھۇر بولۇپ كەلگەن، پىششىق خىشتىن سېلىنغان ۋاسا جۈپ ئۆيلىرىمىز، نەقىشلىك ئىمارەتلىرىمىز، ئويۇق، مېھراب - تەكچىلىرىمىز چەتنىڭ قايسىبىر جۇاڭشيۇسىدىن قېلىشىدۇ - ھە؟ ھەممە ئادەم ئۆينى غەربچە بېزەۋەرسە كېيىن بىزنىڭ غەرب بىلەن نېمە پەرقىمىز قالىدۇ؟ مانا ھازىر چەت ئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بىزنىڭ ئۆي - ئىمارەت مەدەنىيىتىمىزنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قايتىپ كېتىۋاتامدۇ؟

B: (ھەيرانلىقتا) ھەيران قالغان بولسىچۇ، ئەمىسە ئۇلار سەھرالىق چەت ئەللىكلەر ئوخشايدۇ.

A: ھەي - ھەي، سېنىڭ ئېغىزىڭدىن مۇشۇ شەھەرلىك، سەھرالىق دېگەن گەپتىن باشقا گەپ چىقمامدۇ؟ ھەممە ئادەم ئاسماندىن «پوككىدە» شەھەرگە چۈشۈپ قالغان ئەمەس.

B: مەن ئوخشاشمايمەن. مەنچۇ، قاراڭ، مۇشۇ شەھەرنىڭ كىندىكىدە تۇغۇلغان.

A: ھە، سەن شەھەرنىڭ كىندىكىدە تۇغۇلغان، باشقا ئادەم سەھرانىڭ ئېغىزىدا، بۇرنىدا، قولىقىدا تۇغۇلغان.

B: بولدىلا، نەدىكى گەپنى قىلىپ كاللامدىكى جۇاڭشيۇنى بۇزۇۋەتتىڭىز مانا.

A: ھە، ماقۇل، مەن گەپ قىلماي. بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن جۇاڭشيۇرىڭ - ھە!

B: ھە! تامغا ئامېرىكىنىڭ قەغىزىدىن.

A: ھە - ھە!

B: ياپونىيەنىڭ يېلىمىدىن.

A: ھە - ھە!

B: تۈركىيەنىڭ گىلىمىدىن.

A: پاكىستاننىڭ چىلىمىدىن.

B: ھە؟! ھەي، چىلىمنى نېمە قىلىسىز؟

A: سەنمۇ ئۆينى غەربچە ياسىغاندىكىن، مەنمۇ ئەرەبچە تاماق يەپ، غەربچە تۈكۈرۈپ ياشىمىسام بولماس.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

B: نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، دېمەك، ئۆيىنى بېزەشكە 500 مىڭ كوي كەتسە.

A: بىر يېرىم مىليوننى خەجلەپ بولدۇڭ ـ ھە! بەك ئىتتىك بولۇپ كەتتى، ئالدىرىماي خەجلە! ئاسان تاپقاندىكىن خەجلەپ تۈر بولمىسا، بىر يېرىم مىليون تۈگىدى ـ ھە.

B: ئەمدى نېمە ئالسام بولار؟ ھە، راست، ئۆزۈم ئولتۇرىدىغانغا توي كۆچۈرىدىغان ھېلىقى توققۇز مېتىرلىق ئۇزۇن ماشىنىدىن بىرنى ئالاي.

A: ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنى بار، پويىزدىنلا بىرنى ئالماي.

B: چاقچاق قىلماڭە، مەن توي قىلغاندىمۇ سىز مېنى ھېلىقى ئەسكى «لادا» ① دا كۆچۈرگەنتىڭىز.

A: ۋاي ـ ۋۇي، سەنمۇ شۇ ۋاقىتتا كونا «فورژا» ② دەك ئىدىڭ.

B: ھېلىقى ماشىنىدىن بىرنى ئالسام، ئۇ ماشىنا بىر مىليونغا كېلەر ـ ھە؟

A: ھە، كېلىپ قالار، پۇل سېنىڭ بولغاندىكىن كېلىدۇ ھەرقاچان. ئۆزۈڭگە ئالدىڭ، ماڭا ئېلىپ بەرمەمسەن ماشىنا؟

B: ئەسلىي سىز ئەر كىشى بولغاندىكىن ئۆيدىكى ۋېلىسىپىتنى مىنسىڭىزمۇ بولاتتى. بوپتۇ ئەمدى، دوست ـ دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا بوينىڭىز قىسىلىپ قالمىسۇن، قاراڭ، سىزگە ھېلىقى 30 مىڭ كويلۇق «ئوۋتو»دىن بىرنى ئېلىپ بېرەي ـ ھە؟

A: يائاللا... شۇنچىلىك ئىنسابىڭ باركەن... رەھمەت ـ رەھمەت! ئۇ 30 مىڭ كويلۇق «ئوۋتو»دا ئولتۇرسام ماۋۇ تىزىم ئېڭىكىمگە تاقىشىپ قالار مېنىڭ؟

B: تىزىڭىز تاقىشىپ قالسا، قاراڭ، ئالدىدىكى ئورۇندۇقنى ئېلىۋېتىپ، كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھەيدەرسىز. ئېلىپ بېرەي دېگەندىكىن خۇش بولۇڭە! ئو... ھوش!

A: ۋاي رەھمەت، رەھمەت. پۇل سېنىڭ بولغاندىكىن سەن نېمە دېسەڭ مەن ماقۇل دەيمەن.

①، ② ماشىنىلارنىڭ ماركىسى.





B: بولدى، سىز بىلەن گەپ تالاشقىلى ۋاقتىم يوق مېنىڭ. يەنە نېمە ئالسام بولار؟

A: ھە، ئوبدان ئويلا، ئېزىپ كەتسەڭ ياندۇرغىلى بولمايدۇ ئۇنى.

B: ھە، راست، 500 مىڭ كويغا ئۆزۈمنى مېيرۇڭ (ھۆسن تۈزەش) قىلدۇراي.

A: ھەئە، شۇنداق قىل، شۇنداق قىل ـ ھە!

B: يەنە پۇلنىڭ بار ۋاقتىدا 500 مىڭ كويلۇق گىرىم بۇيۇملىرى ئېلىۋالاي.

A: بوپتۇ، گىرىم بۇيۇملىرىنىمۇ ئال! ئۆزۈڭنى مېيرۇڭ قىلىپ نېمە قىلارسەن؟

B: ھەي، سىز ئەر كىشى بولغاندىكىن چوڭ سۆپەت بىر ئولتۇرۇڭە، ئاۋۇ ئورۇندۇقتا بېرىپ مېڭىڭە ھەي! ۋىيەي... خوتۇن كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭە سىز.

A: ھە، ماقۇل، ماقۇل. مەن ئارىلاشماي، ھە، سۆزلەۋەر.

B: يەنىچۇ، قاراڭ، ماۋۇ چىرايىمنى (كۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تارتىپ) مۇنداق قىلىپ تارتقۇزىمەن، قاراڭ، قاپىقىمنى كەستۈرۈپ قوش قاپاق چىقىرىمەن.

A: يائاللا... يوغان ئىش قىلىدىكەنسەن. پۇل بېرىپ چىرايىڭنى تارتقۇزىمەن دېگۈچە بالىمىزغىلا تارتقۇزساڭ ئوبدان تارتىپ قوياتتى. ھەي، قوش قاپاق چىقىرىمەن، دەپ نېمە كەپتۇ ساڭا... ياكى سەن بادام قاپاق بولمىساڭ. ئەگەر قاپىقىڭنىڭ بىرىنى ئېگىز، بىرىنى پەس كېسىپ سالسا سىڭار يان قارايدىغان يەكپاي بولۇپ يۈرسەن ئاندىن ـ ھە؟

B: پۇل ئۆزۈمنىڭ بولغاندىكىن قانداق خەجلىسەم خەجلەيمەن، ئىشىڭىزنى قىلىڭە سىز.

A: ھە، ماقۇل، ئىشىمنى قىلاي.

B: ھە، راست، ماۋۇ چېچىمنى قانداق ياساتسام بولار؟

A: قانداق ياساتتىڭىز، كورىيە پاسونىدا زوزىلاڭ، ئامېرىكا پاسونىدا موزىلاڭ، چاچ يوق يەرنى لوسىلاڭ.

B: ئىشقىلىپ بارغۇ، قاراڭ، بۇ چاچتىن مەن بەك زېرىكىپ

كەتتىم. ۋىيەي، ۋىيەي... ھە، راست، چاچلىرىمنى ياستىپ بولغاندىن كېيىن، تىرناقلىرىمغا ھەر خىل - ھەر ياڭزا گۈللەرنى سىزدۇرۇپ، كۈندە بىر خىل پاسوندا ئالماشتۇرۇپ سىزدۇرۇپ تۇرسام، پاھ... پاھ... دوست - دۈشمەنلىرىمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىمەن تازا، ئوت چاقنىتىۋېتىمەن.

A: ھەئە، چاقنىتىۋېتىسەن قولۇڭدا ۋال - ۋال قىلىدىغان چاقماق بولغاندىكىن.

B: مۇشۇ تىرناقلىرىمنى مۇشۇنداق ئۆستۈرۈپ يۈرۈپ كەتسەم... ۋاھ!...

A: سېن ۋۇكۇڭنىڭ كىنوسىدىكى جىنىنىڭ رولىنى سەن ئالساڭ بوپتىكەن ئەسلى. ھەي، بۇ «چاچلىرىمنى كەستۈرىمەن، تىرناقلىرىمنى ئۆستۈرىمەن» دېگەن نېمە گەپ ئەمدى؟ بۇ ئۇزۇن چاچ دېگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىننىتى ئەمەسمۇ؟ ئۇزۇن چېچى بار بىرەر قىز - چوكاننى كۆرسەك بىز ئەرلەرلا ئەمەس، سىلەر ئاياللارمۇ ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتىسىلەرغۇ؟! ھە، بوپتۇ، چاچنىغۇ كەستۈرىمەن دەيسەن، تىرنىقىڭنى ئۆستۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇزۇن تىرناقنى قويۇۋېلىپ جۇۋاۋا سانجىپ يەمسەن - يە؟ سەن ئاشۇ قوللىرىڭ بىلەن ئەتكەن تاماقنى مەن قانداق يەيمەن، باللار قانداق يەيدۇ؟

B: ھىم، مەن بەش مىليون پۇلۇم بار ئادەم ئۆزۈم تاماق ئېتىپ سارالڭ بولۇپ قالمىغاندىمەن؟

A: ھە، راست، بەك بايسەن.

B: تاماق ئېتىپ، كىر - قاتلارنى يۇيىدىغانغا ئۆي خىزمەتچىسى ئىشلىتىمىز.

A: ھەئە، شۇنداق قىل. بولسا چىرايلىق، ئوماق، 18 ياشقا كىرگەن قىزدىن بىرنى تاپايلى.

B: توغرا، باشقىلار «بۇ كىم؟» دېسە، «مېنىڭ خىزمەتكارىم» دەيدىغانغا 18 ياشلىق قونچاقتەك قىز بالىدىن بىرنى ئىشلىتەيلى - ھە؟

A: ھەئە، شۇنداق قىل، توغرا، شۇنداق قىل.





B: (ئېسىگە كېلىپ) ھۇيت...! ھە، 18 ياشلىق چىرايلىق كىچىك قىز بالىنى نېمە قىلماقچىدىڭىز؟ نىيىتىڭىزنىڭ يامانلىقىنى قارا بۇنىڭ.

A: ۋىيەي! ئۆزۈڭ ئىشلىتىمىز دېدىڭغۇ؟

B: مەن يوق ۋاقىتتا چاتاق چىقىراي دېگەنما؟ مۇشۇ گېپىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ باۋشىيەنرەك ئاتمىش ياشلىق قېرى خوتۇندىن بىرنى ئەكىلىمەن تازا. بالىلىرىمنىڭ دادىسى بولۇپ قاپسىز، بولمىسا بىرىنچى بولۇپ ئالماشتۇرىدىغان ئەسلى سىزكەنسىز.

A: ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت. كونا جىياجۇ (ئۆي سايمانلىرى) بولغاندىكىن مەن...

B: بولدى كوتۇلدىماڭە! پۇل ئۆزۈمنىڭ بولغاندىكىن كەڭ - كۇشادە خەجلىگىلى قويۇڭ. يەنە نەچچە پۇل قالدى قولۇمدا؟ (ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ ئويلىشىدۇ)

A: ھە، يەنە خېلى بار، 470 مىڭ كويدەك پۇل قالدىمىكىن.

B: ھە، ئۇنداقتا 450 مىڭ كوينى بالامنىڭ نامىدا بانكىغا قويىمەن، بولمىسا بالام چوڭ بولغاندا سىزگە ئوخشاش خوتۇننىڭ قولىغا قارايدىغان بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

A: توغرا ئويلاپسەن، شۇنداق قىل. (C كىرىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرىدۇ)

B: ئاشقان يىگىرمە مىڭ كوينى نەگە ئىشلەتسەم بولار؟

A: چارچاپ قالىسەن، ئولتۇرۇپ ئويلاش، ئالدىرىماي - ھە.

B: ھە، راست، ئاكام ئۆي ئالىمەن دەۋاتاتتى، يىگىرمە مىڭ كوينى بېرىپ تۇرايچۇ.

A: ھە، شۇنداق قىل.

B: ئاكامغا يىگىرمە مىڭ كوي يېتەرمۇ؟

C: قىرىق مىڭ كوي يېتىدۇ، ئۇكام. ھا... ھا...

B: ۋوي، ئاكا، كېلە، ئولتۇرە.

A: (كۆرۈشۈپ) كېلىڭ، كېلىڭ، تىنچلىقمۇ، ئولتۇرۇڭ.

B: قاچانراق كەلگەنتىڭىز، ئاكا؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

C: ھە، مەن كەلگىلى خېلى بولدى، ئىشىك ئوچۇقكەن، كىرىۋەردىم.

B: ھە، ياخشى بوپتۇ، كېلىپ قاپسەنغۇ؟

C: شۇ، يىگىرمە يىل بۇ ئۆي سېتىۋالاي دېگەن، شۇنىڭغا ئازراق پۇل كەملەپ قالدى.

A: ئاپلا...

C: سىلەر بار تۇرساڭلار، مەن كىمدىن قەرز سوراپ يۈرەتتىم. «سىلەردە پۇل بارمىدۇ، يوقمىدۇ؟» دەپ غەم قىلىپ كەلگەنىدىم. مانا تەلىيىمگە سىلەرگە 5 مىليون چىقىپتۇ ئەمەسمۇ، مۇبارەك بولسۇن!

B: ياخشى ئويلاپسەن، ئاكا، نەچچە پۇل كېرەكتى ساڭا؟

C: قىرىق مىڭ كوي بولسا يېتىدۇ، ئۇكام.

B: قىرىق مىڭ كوي؟ لېكىن ھازىر قولۇمدا يىگىرمە مىڭ كويلا نەق پۇل قالدى. قانداق قىلسام بولار... ئەستاغپۇرۇللا... (A غا قاراپ) ھە، راست، ھېلىقى سىزگە ئالدىغان ماشىنىنى ئالماي تۇرايلى ھازىرچە.

A: ھە ماقۇل، ماقۇل، مەن ۋېلىسىپىت مىنىپ تۇرۇپ تۇراي.

B: ھە، ئۇ ئوتتۇز مىڭ، قولۇمدىكى يىگىرمە مىڭ بىلەن ئەللىك مىڭ، ئاكا ساڭا ئەللىك مىڭ كويلا بېرىپ تۇراي. كېيىن پۇل يەتمەي قالسا ئۇياق - بۇياقتىن سوراپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمە يەنە.

C: ئەجەب ياخشى، رەھمەت، ئۇكام، قېرىنداش دېگەن مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەسقاتىدۇ - دە.

A: مەيەرگە كېلىڭە (C نى چەتكە تارتىپ)، قاراڭ، ئەخمەق بولماڭ، بىزدە پۇل يوق دەيمەن.

C: نېمە؟ بولدى، يوشۇرماڭ، مەن ھېچكىمگە دېمەيمەن.

A: دېسىڭىز - دېمىسىڭىز بىزدە راستتىنلا پۇل يوق دەيمەن، راست.

C: بولدى، نېمانداق جاپا تارتىسىز؟ پۇل بەرگۇم كەلمەيۋاتىدۇ دەڭە. «پەرىشتىنىڭ ئىشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ» دەپ، مەن





ئىشلەتسەم سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئەمەس، سىڭلىمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىمەن، مېنى قايتۇرالماسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كېتىۋاتامسىز؟

A: ئەستاغپۇرۇللا...

C: ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ ئاكىسى بولغان بولسام قورقمايلا بېرىپ تۇراتتىڭىزغۇ دەيمەن - ھە؟ مەن تېخى سىزنى خېلى مەرد ئوغۇل بالا، جىگىرى بار دەپ ئويلىسام سىزمۇ ئاشۇ تۆت تەڭگە پۇلنى كۆرۈپ ئۆزگىرىپ كەتتىڭىزمۇ؟

A: ياق. ماۋۇ...

C: ئۇنتۇپ قالماڭ. سىزمۇ ئۆي سېتىۋالغاندا مەنمۇ قىپقىزىل پۇلنى شاراق - شاراق ساناپ سىزگە بېرىپ تۇرغان خەلق پۇلىدىن.

A: ياق، سىز خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتىسىز، بۇ ئەسلى قاراڭ...

C: ھە، بۇ ئەسلى چىقمىغان پۇل، بۇ بىزنىڭ خىيالىمىز دېمەكچىمۇ؟

A: ھە، ئەمدى چۈشەندىڭىز، راست...

C: قارا... قارا (كۈلۈپ)، قارا ماۋۇ ئېغىزىغا سېلىپ بەرسەم شۇنداق دەۋاتقىنىنى. ھەي...! تۈزۈكرەك بىرەر باھانە تاپسىڭىز بولمامدۇ؟

A: لېكىن، دېمىسىمۇ بىزدە راستتىنلا پۇل بولمىسا...

C: بولدى، «بەرمەيمەن»لا دېسىڭىز بولمىدىمۇ (B غا قاراپ). ئۇكام، بېرىپ تۇرالامسەن - يە؟

B: ھەي، بىزدە پۇل يوقما؟!

A: سەندە پۇل بارما؟ چىققانمىتى؟

B: ھېلىقى بەش مىليون... (ئېسىگە كېلىدۇ)

A: ھە، قايسى بەش مىليون؟

B: ۋوي، راست، ئاكا، بۇ تېخى چىقمىغان پۇل ئىدى.

C: يائاللا... سەن نېمە بولدۇڭ ئەمدى؟ سەنمۇ يېنىۋالدىڭغۇ. ئېرىڭ يۈرىكىڭنى مۇجۇۋېتىپتۇ - دە؟

B: ئۇنداق ئەمەس، ئاكا، بۇ راستىنلا تېخى چىقمىغان پۇل.

C: توۋا، توۋا... ئۇنتۇپ قالما جۇما، بىز دېگەن قېرىنداش. «بويتاقنى بۇزغان تول، تۇغقاننى بۇزغان پۇل» دېگەن راست گەپكەن ـ دە؟ بولدى، تۇغقاننىمۇ كۆرۈپ قويدۇق.

B: (ئەگىشىپ) ھەي ئاكا...

C: بولدى، ئاشۇ پۇللىرىڭغا... پۇل سورىمايدىغان، مەندىن ياخشىراق «ئاكا»دىن بىرنى سېتىۋال. سىزمۇچۇ ماڭا بېرىپ تۇرمىغان شۇ پۇلنى باغرىڭىزغا چىڭ بېسىپ ياتارسىز.

B: ھەي ئاكا... ئاكا، توختاپ تۇرە... ئاكا...

C: ۋاي بولدى... ھەي... (چىقىپ كېتىدۇ)

A: توۋا قىلدىم خۇدايىم... بۇ نېمە ئىش بولغىنى ئەمدى...

B: ئەستاغپۇرۇللا... ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ئاكام خاپا بولۇپ كەتتى مانا.

A: ھە، قانداق قىلاتتىڭ، تېلېۋىزورغا قاراپ باق ھېلىقى بەش مىليونىڭ چىقىپ قالدىمۇ؟

B: (سائەتكە قاراپ) ئاپلا، ئېلان قىلىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، تېلېفون ئۇرۇپ سوراپ باقاي. ۋەي، ياخشىمۇسىز؟ بۈگۈنكى مۇكاپاتنىڭ چىقىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دېگەنىدىم. ھە، رەھمەت سىزگە. (ھاياجانلىنىپ) ئوخشاش چىقتى بىرسى...

A: (سەل جىددىيلىشىپ كېلىپ) ھە، ھە...

B: (خۇشال) ھە ـ ھە! ھە ـ ھە! (بارغانسېرى كەيپىياتى تۆۋەنلەيدۇ) ھە، ماقۇل. (تېلېفوننى ئاستا قويۇۋېتىدۇ)

A: (ھاياجانلىنىپ) چىقىپتىمۇ؟ بەش مىليون چىقىپتىمۇ؟ جىددىيلىشىپ كېتىپ گەپ قىلالمايۋاتامسەن ـ يە؟ گەپ قىلە، پۇل چىقىپتىمۇ؟

B: چىقىپتۇ.

A: نەچچە پۇل چىقىپتۇ؟



B: (كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ تەستە سۆزلەپ) بىر كوي چىقىپتۇ.

A: (لاتارىيە بېلىتىنى ئېلىپ) مۇشۇ شۇما قەغەزنىڭ؟

B: ھەئە، (A سىرتقا ماڭىدۇ) نەگە بارىسىز؟

A: تاكسى بىلەن بېرىپ ماۋۇ پۇلۇڭنى ئەكىلىپ بېرەي.

B: بولدى قىلىڭە، بىر كوينى قانداق قىلىمىز؟

A: قانداق قىلاتتۇق، داچا سېتىۋالىمىز، چاچلىرىڭنى كەستۈرسەن، تىرنىقىڭنى ئۆستۈرسەن، ماشىنا ئالسەن... قالغىنىنى ئاكاڭغا بېرىپ تۇرىمىز. (ماڭىدۇ)

B: ھەي، بولدى قىلىڭە. (ئەگىشىپ چىقىپ كېتىدۇ)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام

**قاتناشقۇچىلار:**

A: دېھقان.

B: كەنت مۇدىرى.

C: مۇخبىر.

**ۋاقىت:** ياز.

**ئورۇن:** A نىڭ ھويلىسى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئىككى دانە ئورۇندۇق قويۇلغان.

B: ھەي ھاڭۋاقتى! ھەي كالۋا! مەيەرگە كەل، مەيەرگە كەل دەۋاتىمەن.

A: (چىقىپ كېلىدۇ) ھە؟

B: مەيەرگىرەك كەل. ھەي! (A سەل قورقۇپ كېلىدۇ) ئاۋۇ يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق بىلەن ئاۋۇ مۇخبىرغا سېنى ئالدىن بېيىغان دېھقان دەپ تونۇشتۇرۇپ ئالايىتەن نۇقتىلىق ھالدا سېنىڭ ئۆيۈڭگە باشلاپ ئەكەلدۇق. ئۇلار سوئال سورىسا نېمانداق تاققا ـ تۇققا جاۋاب بېرىسەن ـ ھە؟

A: ئۆزىڭىز ئۆگەتكەن پېتى شاتۇتىغا ئوخشاش يادلاپ بەردىمغۇ؟

B: ئېسىڭدە بولسۇن، «ئوسما كېتىپ قاش قالىدۇ، سۇ كېتىپ تاش قالىدۇ»، ئاۋۇلار كەتسە بۇ يەردە يەنە سەن بىلەن مەن قالىمەن جۇما!

A: ۋاي، زادى مەن نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، بىر دەڭا زادى...

B: بوشراق گەپ قىل. ئاۋۇلار ئېغىلىڭدىكى قوي ـ كالىلارنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئاڭلاپ قالمىسۇن.

A: ئۇ ئېغىلدىكى قوي بىلەن كالا مېنىڭ بولمىسا ـ يە، بىكاردىن ـ





بىكارغا «سەن ئالدىن بېيىغان دېھقان» دەپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن قوي، بۇنىڭ ئۆيىدىن كالا، ئۇ يەردىن تېلېۋىزور، بۇ يەردىن گىلەم... ئاچىقىپ ئۆيىنى تولدۇرۇپ، كىيىملىرىمنىمۇ يەڭگۈشلەپ قويدىڭىز. تەكشۈرۈش تۈگىسە ھەممە نەرسىنى جايىغا ئاپىرىۋېتىپ كىيىملەرنىمۇ سالدۇرۇۋالارسىز.

B: مەن بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىن، ئۇ ئائىلىدىن، بۇ ئائىلىدىن يىغىپ ـ تېرىپ ئەكەلگەن تۇرسام ئەلۋەتتە قايتۇرۇۋېتىمەن ـ دە.

A: توۋا، مەن نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم دەيمەن. بىكاردىن ـ بىكارغا ئادەمگە ۋارقىراپ كېتىدىكەنسىز...

B: ھەي، بوشراق گەپ قىل دەيمەن! ماۋۇ ئۆتكەلدىن بىر ئۆتۈۋالايلى. ئەگەر ماۋۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغۇچە ئىشنى بۇزىدىغان بولساڭ...

A: ئىشنى بۇزىدىغان بولسام نېمە قىلماقچى، دەڭە ـ ھە!

B: ئىشنى بۇزىدىغان بولساڭ تۇمشۇقۇڭغا... (مۇشت تەڭلەيدۇ)

A: ھە، تۇمشۇقۇمغا! (C دەپتەرلىرىگە بىرنەرسىلەرنى يېزىپ چىقىپ كېلىدۇ)

B: تۇمشۇقۇڭغا!

A: تۇمشۇقۇمغا نېمە قىلماقچى ـ ھە!

B: (C نى كۆرۈپ كۆيۈنگەندەك) تۇمشۇقۇڭغا... بىرنەرسە چاپلىشىپ قاپتۇ. (C نىڭ ئالدىغا بېرىپ) ھە، كەلدىڭىزمۇ؟ ھە... باشلىق بىلەن قالغانلار قېنى؟

C: ھازىر بىر جىددىي تېلېفون كەپتىكەن. ئۇلار بۇ يەردىكى ئىشلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆزلىرى قايتىپ كەتتى.

B: (غودۇراپ) ھە، ھەرنېمە بولسا...

C: سىزدىن بىرنەچچە سوئال سورىسام بولامدۇ؟

A: مەندىنما؟

C: ھەئە. (A بولسا B دىن قورقۇپ جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ)

B: ھە، بولىدۇ، سوراۋېرىڭ.

C: سىز قاچاندىن بۇيان قوي ـ كالا بورداش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز؟

A: ھە؟! (جىددىيلىشىدۇ)

C: سىز قاچاندىن باشلاپ قوي ـ كالا بورداش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز دەيمەن؟

A: بۈگۈندىن باشلاپ.

B: ھە ... بۇ بۈگۈندىن باشلاپ كالا ـ قويلىرىمنى تېخىمۇ ئاۋۇتىمەن دېمەكچى. سىز سوئال سورىسىڭىز سەل جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. ھا... ھا...

C: ھازىر سىزنىڭ قانچە تۇياق قويىڭىز بار؟

A: (B نىڭ بىلىكىنى تارتىپ) مېنىڭ ھازىر نەچچە تۇياق قويۇم بار؟

B: يىگىرمە توققۇزغۇ.

A: نەدە يىگىرمە توققۇز؟ ئايشەمخاننىڭ ئۆيىدىن بەشنى...

B: ئايشەمخاننىڭ ئۆيىدىن بەش تاغار سامان ئاچىققان كۈنى يىگىرمە سەككىز ئىدى، ئەتىسى بىر قويۇڭ تۇغدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىرمە توققۇز بولمامدۇ؟ ئۇنتۇپ قاپسەن ـ ھە؟ (چىمدايدۇ)

A: (ئاغرىق ئازابىدا ۋارقىراپ كېتىدۇ) ھەئە!

C: نېمە بولدىڭىز؟

B: ھە، ھىق تۇتۇپ قاپتۇ، ھى... ھى...

C: ھازىر سىزنىڭ قانچىلىك مەبلىغىڭىز بار؟ ( A چۈشەنمەي تۇرۇپ قالىدۇ)

B: قانچىلىك پۇلۇڭ بار دەۋاتىدۇ.

A: ھازىرما؟

C: ھەئە. (داۋاملىق زىيارەت خاتىرىسى يازىدۇ)

A: ھەممىسىما؟ يانچۇقۇمدىكى بىلەن ئۆيدىكىنى قوشقاندا قىرىق كوي چىقارمىكىن.

B: چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، چاقچاق. ئۇنىڭ پۇلى بانكىدا. ھە، كارتىدا. پۇلى جىق بۇنىڭ.





A: يانچۇقۇمغىمۇ پۇل سېلىپ قويغانما؟ ( B چىمدايدۇ. A غودۇراپ) چىمداۋەرمەڭە.

C: ناۋادا مەن كېلەر يىلى يەنە كەلسەم، ئېغىلىڭىزدىكى كالا ـ قويلارنى شۇ پېتى كۆرەلەمدىم؟

A: ياق، بىرىنىمۇ كۆرەلمەيسىز.

C: بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

A: ئۇ كالا ـ قويلارنى كەنت باشلىقى...

B: ھەئە، مەن تاغقا چىقىرىۋەت دېگەن. شۇنداققۇ ـ ھە؟ (چىمدايدۇ)

A: (قورقۇپ، دۇدۇقلاپ) ھەئە.

C: كالىلارنىڭ سۈتىنى ئۆزىڭىز ئىچىۋاتامسىز ياكى سېتىۋاتامسىز؟

A: (جاۋاب بېرەلمەي قىينىلىپ B دىن سورايدۇ) قايسى كالىدىن سۈت چىقاتتى؟

B: چاقچاق قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇ سەل ھودۇقۇپ قالدى. بۇنىڭ كالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەركەك، بۇقا!

A: ماۋۇ گەپنى، ئاۋۇ ئەمچىكى ساڭگىلاپ قالغىنىمۇ بۇقىما؟

B: (جىددىيلىشىپ) ھېلىقى موزاي كالا تۇغقان چاغدا... ھە، ياق... ھېلىقى، ھە، ھېلىقى كالا تۇغۇپ موزايىنى بىر ئاي ئېمىتىپلا ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ قالدى دېگەنتىڭغۇ؟!

A: تېخى بۈگۈن ئەكەلگەن تۇرسا، قاچان ئۆلگەنكى ئۇ نېمىسى...

C: ھە، بولدى، تالاشماڭلار. سىزدىن يەنە بىر ئىشنى سوراپ باقاي. سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ باشقا تاملىرى ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ، لېكىن ماۋۇ يول تەرەپكە قارايدىغان بىرلا تېمىڭىز پىششىق خىشتىن سېلىنىپتۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ (بۇ ئارىلىقتا B بولسا A نى بوش تەپكەچ تۇرىدۇ)

A: ھە، بۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق يېرى.

C: قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، سىلەرنىڭ بۇ يەردە يەر تەۋرىسە يول تەرەپكە قارايدىغان تام تەۋرەمدا؟

A: ھەئە، بىزنىڭ بۇ يەردە ئاشۇ يول تەرەپتىكى بىر تاملا تەۋرەيدۇ،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالغان تام جىم...

C: ئاز ساندىكى بىر قىسىم جايلاردا يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، ساختا كۆرۈنۈشلەرنى ياساپ، ئۆي - ئۆيدىن نەرسە - كېرەكلەرنى، مال - چارۋىلارنى يۆتكەپ ئەكىلىپ يالغان دوكلات بېرىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق ئىشلار يوقتۇ؟

B: ھى... ھى... يوق، يوق. ئۇنداق...

A: قانداق بىلدىڭىز؟ بىزنىڭ ئۆيدىكى قوي - كالا، تېلېۋىزور، گىلەملەرنىڭ ھەممىسىنى خەقنىڭ ئۆيدىن (B ئارقىسىدىن چىمدايدۇ) ئەكەلمىگەن.

A: (ئاغرىققا چىدىماي غودۇراپ تېرىكىپ كېتىدۇ)

B: (جىددىيلىشىپ «خەپ» دېگەندەك ئىشارەت قىلىدۇ)

C: باياتىن مەن بىلەن بىللە كەلگەن باشلىق ناھايىتى كەسكىن ئادەم. بىز بۇ يەرگە كەلگۈچە يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ، ساختىلىق قىلغان ئۈچ نەپەر كادىرنى بىراقلا ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاپ...

B: ئەجەب ئوبدان قىپتۇ. (B تەرلىرىنى سۈرتۈشكە باشلايدۇ.)

C: (داۋاملاشتۇرۇپ) ئۇلارغا قاتتىق چارە كۆرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى، ھەرقانداق ئىش بىزنىڭ باشلىقنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

B: (ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ) شۇنداق... قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھى... ھى... (A نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ) مەن ئۆگەتكەن ھېلىقى گەپنى... تېز بولە!

A: قايسىسىنى دەيمەن؟ ھە... دەمدىم؟

B: (ئىشارەت بىلەن پىچىرلاپ) ھەئە، تېز دېگىنە!

A: بىزنىڭ كەنت باشلىقىمىز!... (B غا پىچىرلاپ) توغرىمۇ؟ بىزنىڭ كەنت باشلىقىمىز!... بىزنىڭ كەنتىنىڭ كەنت باشلىقى... ئۇ بولمىغان بولسا بىزنىڭ كەنتتە كەنت باشلىقى بولمايتتى. بىزنىڭ كەنت باشلىقىمىز ئىنتايىن ياخشى ئادەم، ئۇ ئىنتايىن سەممىي ئادەم. ئۇ بىزنىڭ ھالىمىزغا بەك





يېتىدۇ. ئۇ بىزنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن، دەپ بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى ئازايتىپ، ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ يېرىگە قېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى كېڭەيتىۋالدى. بىزنىڭ كەنت باشلىقىمىز ھەرقانداق ئىشتا بىزگە باشلامچى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ كەنتىمىزدە ئۆزىگە بەش - ئالتە تۇرالغۇ ئۆي سېلىۋالدى، لېكىن مەن شۇنچە جاپا تارتىپ ئىشلىسەممۇ بىر مۇ يەرگە تۇرالغۇ جاي سېلىپ باقمىدىم. (B نىڭ چىمدىشىغا چىدىماي) چىمداۋەرمەڭە ئادەمنى... ماڭا قاراڭە، باشلىق كەلگەندە بىر دەپ قويۇڭە، ماۋۇ بىزنىڭ كەنت باشلىقىنى ئۆستۈرسۇن.

C: ماقۇل، مەن دەپ قوياي.

A: بولدىمۇ؟ ئۆستۈرسۇن دەپ قويدۇم. ئەمدىغۇ ئۆسەرسىز؟

B: ھەئە، ئۆسىمەن، ئۆسىمەن (يەنە چىمدايدۇ) ھى... ھى...

A: (ئاغرىققا چىدىماي چىشىنىڭ ئارىلىقىدا ۋارقىراپ B نى كۆچەپ چىمدايدۇ) ئۇ سىز! ئۇ سىز!

C: ھە، راست، باشلىق باياتىن ماڭا «سىز بۇ يەردە قېلىپ ئىككى يىل تۇرمۇش ئۆگىنىڭ» دېدى، ماڭا كەنتتىن بىر ياتاق ئاجرىتىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن چىقىپ نەرسە - كېرەككىلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالاي.

B: ماقۇل، ماقۇل.

C: ھە، راست، مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكى نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى، مال - چارۋىلىرىڭىزنىڭ ئېنىق ساننى خاتىرىلىۋالدىم. مەن ئىككى يىل بۇ يەردە تۇرۇش جەريانىدا سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى خالىغان چاغدا تۇيۇقسىز ھالدا زىيارەت قىلىپ تۇرىمەن. ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ، كېمەيتىشكە بولمايدۇ.

A: (B نىڭ قۇلىقىغا) يەنە ئەكىلەرسىزمۇ؟

C: باشلىق يەنە «ھەرقانداق قىيىنچىلىقلار بولسا مېنى بىۋاستە ئىزدەڭلار» دەپ بۇ تېلېفون نومۇرىنى سىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. (B قولىنى ئۇزىتىدۇ، لېكىن ئۇ قەغەزنى A غا بېرىدۇ) ئۇ يەنە سىزنىڭ كالا - قويلىرىڭىزنى «قوتاندا بورداپ

باقسۇن، تاغقا چىقىرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى. ھە، مېنىڭ ياتقىمنى...

B: ھە، ياتقىڭىزنى مەن ئورۇنلاشتۇراي... (ئاچچىق ھىجىيىپ) ھى... ھى... سىز بۇ يەردە قېلىپ بەك ياخشى بولدى. (چىقىپ كېتىپ يەنە قايتىپ كىرىپ ئۇياقتا - بۇياقتا مېڭىشقا باشلايدۇ.)

B: (ئۆز - ئۆزىگە) يۇقىرىدىن كەلگەن ھېلىقى باشلىق بىلەن ماۋۇ مۇخبىر ھەممە ئىشلىرىمنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ. قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى؟

A: ھەممىسى شۇ ئۆزىڭىز ئويلاپ تاپقان ئىش. «ئوشۇقتىن دىڭ - دىڭ يامان، ساقچىدىن مىنبىڭ» دەپ سىز يۇقىرىدىكىلەرنى ئالدىيالايمەن دەپ ئويلاپ قالغانمۇ؟

B: ئاغزىڭنى يۇمغىنا! ئۇ تېخى بۇ يەردە يەنە ئىككى يىل تۇرىمەن دەۋاتىدۇ. ھىم... يېزا باشلىقلىقىغا ئۆسۈپ بوپتىمەن - دە؟

A: ئەمدى تۆۋەنگە قاراپ ئۆسىسىز!

B: ئاغزىڭنى يۇم!

A: ھېلىقى كالا - قوي، تېلېۋىزور... ھەم ماۋۇ كۆڭلەك بىر نەرسىلەرنى ئاپىرىۋېتەمدىم ياكى...

B: ھەي، ئۇ نەرسىلەرنى ئاپىرىۋەتسەك ئاۋۇ باشلىق كېلىپ سۈرۈشتۈرسە مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ مۇخبىر دېگەن نايناق ھەممە نەرسىنى سۈرەتكە ئېلىپ خاتىرىلىۋالغان تۇرسا... ھەممە ئىشنى سەن بۇزدۇڭ، مېنىڭ رىزقىمغا سەن توپا چاچتىڭ! (ئورۇندۇق بىلەن ئۇرماقچى بولۇپ قوغلايدۇ) مەن سېنىڭ پۇت - قولۇڭنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام...

A: (دەرھال ھېلىقى تېلېفون نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى كۆرسىتىپ) باشلىققا دەيمەن!

B: (ئورۇندۇقنى قويۇپ جىددىيلىشىپ) ئەستاغپۇرۇللا...

A: ئوبدان بولدى تازا. «قىلنى پىل كۆرسىتىپ، ئەسكى تۇماقنى شىر كۆرسىتىپ» ھىيلىگەرلىك قىلغانغا تويۇڭە ئەمدى.



B: (مۇشت كۆتۈرۈپ كېلىدۇ) ئاغزىڭنى يۇم، ھېلى بىكار...

A: (يەنە قەغەزنى تەڭلەپ) باشلىققا دەيمەن.

B: ئەستاغپۇرۇللا... (تىت - تىت بولۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭىدۇ)

A: قىلغۇدەك ئىش بولسا يەنە قىلىڭە، ئەمدى بىزنى بوزەك قىلمايدىغانسىز؟ تويغانسىز؟

B: ھەي، ئاز گەپ قىل، سېنى بىر ئادەم گاچا ئىكەن دېمەيدۇ، ھېلى بىكار ئېغىزىڭنى يىرتىۋېتىمەن... (A يەنە قەغەزنى كۆرسىتىدۇ، B توختاپ كەينىگە قايتىپ ئورۇندۇقتا بېشىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تىلنىڭ سۆڭىكى يوق

**قاتناشقۇچىلار:**

A: تۇماقچى، قىرىق ـ قىرىق بەش ياشلاردا.

B: تۇرغۇن ئىبراھىم، ئاۋاز ئارتىسى، قىرىق ياشلاردا.

**ۋاقىت:** ياز.

**ئورۇن:** بازار، تۇماق بازىرىدىكى رەستە دۇكان.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئىككى ئورۇندۇق ۋە دوپپا ئاسىدىغان جاھازلار.

A: (سەھنە سىرتىدىكى بىرسىگە رەنجىپ سۆزلەپ چىقىدۇ) ئۇكام، ئالمامتىلە؟ ئۇنداق دىمىسىلە جۇماۋەي، ئۇكام، قايلا، ھەي ئۇكامەي. مۇنداق گەپنى قىلمىسىلا! سىلىدىن باشقا ئادەم بولسا يۈزلىرىگە تۈكۈرەتتىم، ئۇكام. (تېرىكىپ) ۋاي ماڭغىنا، ۋاي ماڭغىنا، نەدىكى گەپنى قىلىدىغان نىمىكەنا ماۋۇ. (تاماشىبىن تەرەپكە قاراپ) تىللاۋاتىدا، باشقا گەپ يوق. ئالمىسىمۇ ئالمىسا، ئادەمگە مۇشۇنداق گەپنى بىر دېمىسە... قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ (دوپپىلارنى رەتلەپ، ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈشكە باشلايدۇ، تۇرغۇن ئىبراھىم بازار ئارىلىغاچ چىقىپ كېلىدۇ)

A: (Bنىڭ ئالدىنى توسۇپ) كەلسىلە، ئۇكام، تۇماق لازىممىتى؟

B: ياق، مۇنداق كۆرۈپ باقاي دەپ...

A: ھە، كۆرسىلە، ئۇكام، كەلسىلە! قايلىسىلا، ماۋۇ تۇماقتىن بىرەرنى ئېلىپ قويمىسىلا ما شەھەرگە كەلگەندەك بولمايلا جۇماۋەي، ئۇكام.





B: مۇشۇنداق ئىسسىقتىمۇ ئادەم تۇماق كىيەمدۇ؟

A: ھەي ئۇكام، تۇماق دېگەن مانا مۇشۇنداق ئىسسىقتا كىيىدىغان نېمە جۇما ماۋۇ... بۇ ئىسسىقتا تۇماق كىيسىلە باشلىرىغا ئىسسىق ئۆتمەيدۇ، قىشتا كىيسىلە باشلىرىغا سوغۇق ئۆتمەيدۇ. مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى بار، بىرەرنى ئېلىپ قويسىلا. ئاۋۇ چەت ئەللىكلەرمۇ، ئۇكام، ئالايىتەن مۇشۇ بىزنىڭ تۇماقنى دەپ، ئامېرىكىدىن، ياپونىيەدىن، تەيۋەندىن كېلىپ بىردىن كىيىپ، بىردىن كۆتۈرۈپ ئەكېتىۋاتىدۇ جۇما.

B: تۇماقلىرىڭىز خېلى ياخشىدەك تۇرىدۇ. بوپتۇ، خاتىرە ئۈچۈن بىرەرنى ئالساممۇ ئالاي.

A: ھە، مانا ماۋۇ گەپ جايىدا (گەپ قىلغاچ تۇماقتىن بىرنى ئېلىپ پۈۋلەپ، تىزىغا سىلىپ كېرىپ B غا كىيدۈرىدۇ ـ دە، دەرھال ئەينەكتىن بىرنى ئېلىپ تۇتۇپ) قايلىسىلا، ئۆزلىرىنىڭدەكلا كەلدى جۇما ئۇكام ماۋۇ. (تۇماق B نىڭ بېشىغا كىچىك كېلىدۇ).

A: قايلىسىلا... مانا... يا... (B غا ئەينەكتىكى ئەكسىنى كۆرگىلى قويمايدۇ) كۆردىلىما ـ ھە؟ مانا ئەمدى ئوغۇل بالىغا ئوخشىدىلا، كىيسىلە ئۇكام بىرنى!

B: ئۇستام، بۇ بەك كىچىككەن جۇما بۇ.

A: ئۇكام، كىچىك ئەمەس ماۋۇ. شۇنداق ياخشى كەلگەنتى ئۇقالمايۋاتىلا ـ ھە؟

B: ياق، راست كىچىككەن.

A: قايلىسىلا، ماۋۇ تۇماق دېگەن تېرە ئەمەسما؟ بۇ تېرە دېگەن باش بىرلا تەرلىگەندىن كېيىن ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆزىنى شاپپىدىلا قويۇۋېتىدىغان نېمە بۇ. كىيىۋەرسىلە، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوبدان كېلىدۇ.

B: (ئۇياق ـ بۇياق ئۆرۈپ قاراپ) بۇ راستتىنلا بەك كىچىككەن.

A: كىچىكمىكەن، ھە ماقۇل، توختاپ تۇرسىلا، ئۇكام. (سۆزلىگەن بولۇپلا يوغان تۇماقتىن بىرنى ئېلىپ B نىڭ كۆزىنى توسۇپلا كىيدۈرۈپ قويىدۇ) ھەببەللى، ھەقىقەتەن ئوبدان كەلدى

جۇماۋەي ئۇكام ماۋۇ. ئۆزلىرىنىڭكىدەكلا كەلدى مانا.

B: ئادەمنى زاڭلىق قىلىۋاتامىلا - يا، ئۇستام. بۇنى قانداق كىيگىلى بولىدۇ. بەك چوڭكەن بۇ.

A: ھەي ئۇكام، قايىلىسىلا، تۇماق ئالامىلا - ئالمامىلا؟

B: ئالسامۇ ئالاي، لېكىن مۇنداق مۇۋاپىق كەلگۈدەكنى بەرمەملا.

A: بۇ سىلى ئۇقامدىلا تۇماق كىيىشنى؟ بۇ تۇماق دېگەن تېرە قايىلىسىلا، بۇ تېرە دېگەن باش بىرلا تەرلىگەندىن كېيىن ئۆزىنى شاپپىدە قورۇيدىغان نېمە بۇ! ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوبدان كېلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ بۇ.

B: ھەي ئۇستام، قايسى گەپلىرى راست سىلىنىڭ؟ بايا ئاۋۇ كىچىك كەلگەن تۇماقنى «باش بىرلا تەرلىگەندىن كېيىن چوڭىيىدۇ» دېدىلە، ئەمدى ماۋۇ چوڭ كەلگەن تۇماقنى «باش بىرلا تەرلىسە قورۇيدۇ» دېدىلە. زادى قايسى گەپلىرى راست سىلىنىڭ؟

A: (ئوڭايسىزلىنىپ) شۇنداق دېدىممۇ؟ ھە، شۇنداق دەپتىمەن. بۇ مۇنداق گەپ قايىلىسىلا، باياتىن «كېڭىيىدۇ» دېگەن تۇماق ساغلىق قويىنىڭ تېرىسى، ماۋۇ «قورۇلىدۇ» دېگەن ئەركەك قويىنىڭ تېرىسى، ئۇكام.

B: ھە... ئەركەك قويىنىڭ تېرىسى قورۇلامدا؟

A: شۇنداق، ئىلىۋەرسىلە!

B: ئۇستام، مەنمۇ خېلى ئوبدان بىلىمەن. ماۋۇ تۇماق دېگەن مۇنداق زورلاپ ساتىدىغان نېمە ئەمەس. بۇنى خالىغان ئادەم ئالىدۇ، خالىمىغان ئادەم ئالمايدۇ. تۇماقچىلارنىڭ كۆرسىنى چۇشۇرمەي، خېلى ئوبدان تۇماقكەن، ماۋۇنى ئىلىپ قويسىلا.

A: ھەي ئۇكام، ئەجەب بىر ئاۋازلىرى تونۇش ئاڭلىنىدا؟

B: قانداق دەيلا؟

A: بۇ چىرايلىرىنىغۇ كۆرمىگەن، كىممۇ سىلە؟

B: مەن تۇرغۇن، ئىسمىم تۇرغۇن بولىدۇ.

A: سىلى ئارتىسما؟

B: ياق، مەن ئارتىس ئەمەس.



A: سىلى ئاۋاز ئارتىسى - ھە؟

B: ھە، توغرا، ئاۋاز ئارتىسى.

A: ھەببەللى، ئەكەلسىلە ئۇكام قوللىرىنى، سىلى ھېلىقى «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» كىنوسىدىكى خەمىتجاننىڭ ئاۋازىنى بەرگەن بالا شۇمۇ؟

B: (كۈلۈپ) ئۇ ئون - يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار، ئۇكام...

A: (ئورۇندۇق تەييارلاپ) ئولتۇرسىلا، ئۇكام، ئولتۇرسىلا.

B: رۇخسەت قىلسىلا مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

A: چىك ئا... ئولتۇرسىلا، ئۇكام، ماۋۇنى تۇتسىلا (تۇماقنى تۇتقۇزۇپ) ئىش دېگەننى ئالدىرىماي قىلىۋالىمىز. قايىلىسىلا، ئۇكام، سىلى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. مەن مۇشۇ ئارتىسنى كۆرسەم بارغۇ، ئۆزۈمنى باسالماي قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسىلىرى بىلەن بىر تونۇشۇۋېلىش بىز ئۈچۈن بىر شەرەپ جۇماۋەي، ئۇكام.

B: رەھمەت.

A: قايىلىسىلا، سىلى بىلەن ئاۋاز بېرىدىغان ئايالنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ ھېلىقى «رۇخسارى»غا ئاۋاز بەرگەن؟

B: ھاۋاخان ھېيتنى دەملا؟

A: ھەئە، ئاشۇ ئىككىڭلار ئەر - خوتۇن - ھە؟ نەچچە باللىرى بار ئاشۇنىڭدىن؟

B: ئاھاي... مۇنداق گەپنى قىلمىسىلا، ئۇستام، ئاشىق - مەشۇقلارغا ئاۋاز بېرىپ قويغانغا ئەر - خوتۇن بولۇپ كېتىدىغان ئىش يوق.

A: ئاجرىشىپ كەتتىڭلارمۇ؟

B: توۋا دېسىلە، قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىكەنلا، مېنىڭ ئايالىم دېگەن ئوقۇتقۇچى.

A: بىز ئەمدى شۇنداق ئاڭلىغانچۇ، ئۇكام. ئوقۇتقۇچىما؟ راست ئاياللىرى ئەمەسما؟

B: ياق، ياق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

A: ئەمما، ئاياللىرىنىڭ ئاجايىپ تەلىيى باركەن جۇما. سىلى ئاشۇ «رۇخسارى»غا دېگەن شېرىن - شېكەر گەپلىرىنى ئاشۇ خوتۇنلىرىغا دەپ بەرسىلە يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىدىغاندۇ؟

B: قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، ئۇكام. بۇ كىنو دېگەن رېئال تۇرمۇشقا ئوخشامدۇ؟ كىنودا دېگەن گەپنى ئايالغا قانداق دېگىلى بولىدۇ؟

A: ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن خوتۇن كىشى دېگەن چىرايلىق گەپ - سۆزلەرگە ئامراق خەق ئەمەسمۇ...

B: قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا.

A: قايىلىسىلا، ئۇكام، بىر گەپنى سوراي سىلىدىن، خاپا بولمايدىغانلا؟

B: هە، نېمە گەپتى؟

A: هېلىقى «5 - باشقارما هەرىكەتتە» دېگەن كىنونى كۆرگەنمۇ سىلى؟

B: هېلىقى تېلېۋىزىيە تىياترىنى؟ هە... هە.

A: كاۋلىيىنىڭچۇ، هېلىقى كاۋلىيىنىڭ. ئاشۇنىڭدا «دول» دەپ بىر ساقچى بار. تونۇيلا - هە؟ يەنە بىر ئارتىس بارتى ئاشۇنىڭدا، هېلىقى كىمتى؟

B: بودى؟

A: ياق «بودى» ئەمەس. «هەيدى»، هېلىقى كىچىك قىز بالا.

B: هە، هە، هەيدى.

A: «ئاشۇ قىز يالا بىلەن هېلىقى دول ئىككىسى توي قىپتۇ» دەيدۇ. راستمۇ، ئۇكام؟

B: ئۇلار دېگەن چەت ئەللىك تۇرسا، توي قىلدىمۇ، قىلمىدىمۇ؟ بىز نەدىن بىلىمىز؟

A: ئاهاي... سىلى بىلمەيدىكەنلا، ئۇكام، ئاۋۇ دول دېگەن ساقچى، هەممىمىز بىلىمىز، قىز بالىغا ئامراق نېمە ئەمەسمۇ؟ ئاۋۇ «هەيدى»نى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن قايىلىسىلا، «توي قىلىمەن» دەپ بارسا توي خېتى بەرمەپتۇ. نارەسىدە قىز ئەمەسمۇ ئاۋۇ. شۇنىڭ بىلەن نىكاھ قىلىپلا





ئۆيىگە ئەكىرىۋاپتۇ دەيدۇ.

B: ئەمدى فىلىم ئىشلەش جەريانىدا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالغان بولسا توي قىلىسمۇ قىلغاندۇ؟

A: هە، راست، هېلىقى بىزنىڭ بىر چولپان ناخشىچىمىز بار. ئابدۇللا ئابدۇرېهىم! شۇنىڭ ئىككى ئۆپكىسى بار، دەيدا، ئۇكام.

B: ئاهاي، ئادەم دېگەندىمۇ ئىككى ئۆپكە بولامدۇ، ئۇستام؟ ئادەمنىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئوڭ قانىتى، سول قانىتى دەپ ئىككى قانىتى بولىدۇ.

A: قايىلىسىلا، ئۇكام، ئاۋۇ بالا ناخشىنى چىرايلىق هەم مۇڭلۇق، هەم ئېگىز ئېيتىدىچۇ؟ باشقا ئادەملەر ئېيتالمايدۇ. ئۇنداق ئېگىز چىقىدىغان يەرلىرىنى ئېيتالىغىنىغا قاراپ ئۆپكىسى ئىككىمىكىن دەيمەن.

B: (كۈلۈپ) نەدە ئۇنداق ئىككى ئۆپكىسى بار ئادەم بولسۇن.

A: سىلى هېلىقى كىنوغا ئاۋازنى قانداق بېرىسىلەر، ئۇكام؟

B: قانداق بېرەتتۇق، شۇ قاراڭغۇ ئۆيدە بېرىمىز.

A: چاقچاق قىلمىسىلا، ئۇكام، قاراڭغۇ ئۆيدە بېرىمىز دەۋاتقىنىنى.

B: ۋاي، راست.

A: شۇڭا قېرىمايدىكەنسىلەر دە - هە؟ هەي ئۇكام، سىلى ئاۋاز بەرگەندە كۈلگەنگە كۈلۈپ، يىغلىغانغا يىغلاپ ئاۋاز بېرەمسىلەر؟

B: هە، شۇنداق.

A: ئۇنداق بولسا هېلىقى بىر كۆرۈنۈشلەر بار چەت ئەلنىڭ... قىلىقسىزلىقچۇ هېلىقى... ئەر بىلەن ئايال ئاغزىنى ئاغزىغا تەگكۈزىدىغان ئاشۇنداق كۆرۈنۈشلەرگە سىلەرمۇ ئەر ئارتىس بىلەن ئايال ئارتىس ئىككىڭلار ئاغزىڭلارنى ئاغزىڭلارغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ بېرەمسىلەر؟

B: ئاهاي... بۇ ئاۋاز ئارتىسى دېگەن پەقەت ئاۋازى ئارقىلىقلا ئوبراز يارىتىدۇ. ئېكراندا نېمە چىقسا شۇنىڭغا ئوخشاش هەرىكەت قىلىپ دورايدىغان ئىش يوق.

A: يەنە بىر گەپ بار، ئۇكام، ئىي ھېلىقى «دېرىك» دەپ بىر كىنو بار، ئاشۇنىڭدىكى دېرىكاخۇننى ئۇرغۇي دەيدۇ ـ ھە؟

B: ۋاي، ئۇ چەت ئەللىك تۇرسا، قانداق ئۇيغۇر بولىدۇ ئۇ؟

A: ھەي ئۇكام! ئۇرغۇي ئۇ! قارىسىلا، مەندىن ياخشى سۆزلەيدىكەن ئۇرغۇيچە گەپنى.

B: ئۇرغۇي ئەمەس، ئۇيغۇر دېسىلە، ئۇيغۇر!

A: ئادەمنى كولدۇرلاتمىسىلا بولمامدۇ، ئۇكام. ئۆزلىرىمۇ ئىقرار قىلدىلىغۇ مانا.

B: مۇنداق گەپ، ئۇنىڭ رولىغا چىققان ئۇيغۇر ئەمەس، ئاۋازىنى بەرگىنى ئۇيغۇر.

A: ھە شۇنداقما؟ ھەي ئۇكام، ديەنشىدە[1] چىقىدىغان بىر قىز بالا بارتى، شۇ تۇغدىمۇ؟

B: ۋاي، تۇغقان ـ تۇغمىغىنى بىلەن نېمە كارىلىرى سىلىنىڭ؟

A: ديەنشىدە چىقمايدىغان بوپقالدىچۇ، شۇڭا سوراپ باقتۇق.

B: تۇغسىمۇ تۇغقاندۇ، توي قىلغاندىكىن تۇغىدۇ قىز بالا دېگەن.

A: ياق، چىقمىغاندىكىن ئىچىمىز پۇشۇپ قالىدىكەن قايىلىسىلا. ئەمدى سىلى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق دېسىلە، ئەمدى ھەرقايسىلىرىدەك ئادەمنى تاپقاندا ئۇنى ـ بۇنى سورىۋالمىساق كۆڭلىمىز ئۇنىمايدىكەن. بىز گەپ تاپىدىغان ئادەملەر ئەمەس. بىزنىڭ ماۋۇ يەرگە ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن كېلىدىغان ئادەملەر جىق بولغاندىكىن، ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدىكەنمىز. شۇڭا، سورىۋېلىپ راستىنى ئاڭلىۋالغىنىمىز ياخشى، ئۇكام. ھېلىقى جېكسوننى[2] قەشقەرلىك دەيدۇ راستمۇ؟

B: ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسا قانداق قەشقەرلىك بولىدۇ؟

A: ھەي ئۇكام، سىلى بىلمەيدىكەنلا، ئۇ جېكسون دېگەن ماۋۇ بىزنىڭ مەھەللىدىكى مەمەتتۇرسۇننىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ

① «تېلېۋىزوردا» دېمەكچى.

② مايكول جېكسون





نەۋرە ئىنىسى ئىمىش، ئاۋۇنىڭ بىر ناخشىسى بار، ئاڭلىمىغانما سىلە؟ (جېكسوننىڭ ناخشىسى ئاھاڭىدا تى ـ تى ـ تى، پى ـ پى، تى ـ تى ـ تىيا...! ) ماڭا قايىلىسىلا، ئۇكام، مانا بۇ ئاھاڭلار ئوخشامدۇ ـ ئوخشىمامدۇ؟ مانا پاكىت!

B: (زېرىككەندەك) مېنىڭ ئىشىم بار ئىدى. يولۇمغا ماڭغىلى قويسىلا.

A: ئۇكام، ئالدىرىمىسىلا، يەنە بىر گەپنى سورىۋالاي سىلىدىن. مۇشۇ ئادىل مىجىت ئۆتكەندە ديەنشىدە جۇ باجيېنىڭ[1] رولىنى ئوينىدى ـ ھە؟

B: ھەئە.

A: ئاشۇنى ئوينىمىسا بوپتىكەن.

B: نېمىشقا؟

A: ئاشۇنى ئوينىغاندىن كېيىن ئۇخلىغاندىغۇ مەيلى، «ئۆرە تۇرۇپ كېتىۋېتىپمۇ خورەك تارتىدىغان بولۇپ قالدى» دەيدۇ ـ يا؟

B: (كۈلۈپ) بۇنداق چاقچاق گەپلەرنى راست دەپ ئويلىۋالمىسىلا.

A: ھە، يەنە بىر گەپنى ئاڭلىدىم، ئاۋۇ ھېلىقى، كىمۇ ھېلىقى... ئاۋۇ «سەرگەردان»[2] نىڭ كىنوسىدىكى «زورو»[3] نىڭ ئاۋازىنى بەرگەن كىمۇ؟

B: ئۇستام بۇ «سەرگەردان» فىلىمىدە «زورو» نېمە ئىش قىلىدۇ دەيمەن؟ ئۇ «سەرگەردان» فىلىمىدە دېگەن «رىتا»[4]، «راگۇنات»[5]، «راج»[6] دەپ...

A: ھە، راج! رەجەپ تاج!

B: رەجەپ تاج ئەمەس، رەجەپ تاجى![7]

A: ھە، ئاشۇ ئادەممۇ ئالامەت ئاۋاز بېرىدۇ، ئۇكام، ھە؟ ئاندىن يەنە

① «غەرىبكە ساياھەت» فىلىمىدىكى تۆت ئاساسىي پېرسوناژنىڭ بىرى.

② ھىندىستان نادىر فىلىمىدىكى پېرسوناژ.

③ زورو — ئامېرىكا فىلىمىدىكى پېرسوناژ.

④، ⑤، ⑥ «سەرگەردان» فىلىمىدىكى ئاساسىي پېرسوناژنىڭ ئىسمى.

⑦ رەجەپ تاجى — ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئاۋاز ئارتىسى.



www.uyghurkitap.com

بىر ئادەم بار ئىدى ھېلىقى «ۋارت»[1] نىڭ كىنوسىدىكى يولۋاسقا ئاۋاز بەرگەن ھېلىقى (ئېغىزىنى ئىككى يانغا تارتىپ تۇرۇپ ئاۋاز دوراپ)«ئىنژېنېر نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ چاپسان بۇياققا كېلىڭ» دەيدىغان ھېلىقى...

B: ھە، ئۇلار بىزنىڭ پېشقەدەم ئارتىسلىرىمىز.

A: ئاشۇ پېشقەدەم ئادەملەر بارمۇ؟

B: ھە، بار.

A: ھە، يەنە بىر ئادەم بار. ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى باردۇر - ھە؟

B: ھە، ھەممىيلەن بار.

A: ئاشۇ ئارتىسلار ساق - سالامەتتۇر - ھە؟

B: ھەئە، ھەممەيلەن سالامەت.

A: ئەگەر بىر - ئىككى كۈن تېلېۋىزوردا كۆرمىسەكلا ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز، ئۇكام. ھە، يەنە بىر گەپ، ئۇكام، ئاۋۇ ھېلىقى «سۇن ۋۇكۇڭ»نىڭ ئاۋازىنى بەرگەن بىر ئارتىس بار ئىدى، يالقۇن سەپەرما؟

B: ھەئە، يالقۇن سەپەر.

A: «يالقۇن سەپەر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازىنى بەرگەندىن كېيىن ئۆمىلەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى» دەيدا؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە پۈتۈن بەدىنىگە تۈك چىقىپ كەتتى دەپ ئاڭلىدۇق، ئۇكام.

B: بۇنداق گەپكە ئىشەنمىسىلە، ئۇستام. ئەھۋالدىن قارىغاندا سىلى سەنئەتكارلارغا ناھايىتى قىزىقىدىغان ئوخشايلا، سىلى ئۇلارنىڭ نامىشەرىپىنى بىلىپلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنىمۇ بىلىشكە قىزىقىدىكەنلا.

A: شۇنداق.

B: لېكىن، يەنە شۇ گەپمۇ ئەسلىرىدە بولسۇن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە نام چىقىرىۋاتقان ئىجتىمائىي شەخسلەرنىڭ كەينىدىن

[1] ۋارت — «كۈزۈك» فىلمىدىكى ئاساسىي پېرسوناژنىڭ ئىسمى.





تارقىلىۋاتقان ئۆسەك سۆزلەر ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، بىرسى «ئۆيلىنىپتۇ» دېسە «ئۆلۈپتۇ» دەۋاتقان. «تۇغۇپتۇ» دېسە «تۇتۇلۇپتۇ» دەۋاتقان... ئىشقىلىپ، خىلمۇخىل گەپلەر. بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمىسىلە. ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنسىلە، ئۇستام. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردىغۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ كەتتى. بولدى، ماقۇل، مەن ئەمىسە ماڭاي، ئۇستام.

A: بىزغۇ ئىشەنمەيمىز، لېكىن ئاشۇ ھوشۇر قارىنىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ ئاۋازىما؟

B: (تېرىكىپ) ۋاي، ئۆزىنىڭ ئاۋازى بولماي كىمنىڭ بولاتتى ئەمىسە؟

A: ياق... قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنى ئاجايىپ تولۇقلىۋېتىدىكەن، شۇڭا دەيمەن، ئۇ بالا...

B: قەشقەرلىك بولغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ - دە.

A: ئاندىن ھېلىقى يۇكسەك دەپ بىر ناخشىچى بولىدىغان... ھېلىقى سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ ناخشا ئوقۇيدىغانچۇ؟...

B: ھە، ھە...

A: ئاشۇ بالا تېلېۋىزوردا چىقمايدىغان بولۇۋالدى، ئاڭلىساق پاكىستانغا بارىمەن دەپ مېڭىپ ئايروپىلان تاشقورغانغا كەلگەندە «يۇرتۇمنى كۆرىمەن» دەپ مەستچىلىكتە «پاراشۇتنى ئالدىم» دەپ، كۈنلۈكنى ئېلىپ سەكرەپ پۇتىنى يەتمىش ئىككى يەردىن سۇندۇرۇۋاپتۇ دەيدۇ، راستمۇ - يە، ئۇكام؟

B: (كۈلۈپ) بولدى، ئۇستام. پارىڭىمىز مۇشۇنچىلىك بولسۇن، ئەمدى ماڭاي.

A: بىراق يەنە بىر گەپ بار، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، شۇ گېپىمنى بىر دەۋالايچۇ؟ ئېگىز بىر ئارتىس بولىدىغان، ئابدۇكېرىم ئابلىز دەيدىغان، ھېلىقى «گاچا كويۇ ئوغۇل»چۇ؟

B: ھە... ھە.

A: ئاشۇمۇ يېقىندىن بېرى سەھنىگە چىقمايدىغان بولۇۋالدى. شۇنى «ئاق چېكىپ ئۆلۈپتۇ» دەيدا؟ راستمۇ شۇ گەپ؟

B: مەن ئۇ ئادەمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سىلىگە دەپ بېرەيما؟ ئاشۇ بالا يېقىندىن بېرى سەل نېرۋىسىدىن ئادىشىپ سۆز ـ چۆچەك دۇكىنى ئېچىپ ئولتۇرىدۇ.

A: ھە... نەگە ئېچىپتۇ دۇكاننى؟

B: (تۇماق يايمىسىنى كۆرسىتىپ) دەل مۇشۇ يەرگە. (A ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ ئاختۇرىدۇ.)

A: ماڭا قايىلسىلا، ئۆزلىرىنى تونۇمايۋاتاملا؟

B: مەن ئابدۇكېرىم ئابلىز شۇما؟

A: ئەلۋەتتە.

B: ھە، ئەمىسە مەن، ئۆزۈم شۇ ئوخشايمەن.







# كونا ئاياغ

**قاتناشقۇچىلار:**

A: ئوتتۇرا ياش، بويتاق ئەر.

B: ئوتتۇرا ياش، A نىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ھازىرقى يولدىشى.

**ئورۇن:** A نىڭ ئۆيى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئىككى ئورۇندۇق.

(پەردە ئېچىلغاندا A دۇتارنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقىپ چاپاننى ئېسىپ قويۇپ كۆڭلى يېرىم ھالدا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ)

A: مەن قىرىققا كىرگىنىم راست ساپمۇساق،
مەن يەنە بويتاق، ساقالغا كىردى ئاق.
ئاق كۆڭۈل بىخۇدلۇقۇمنىڭ دەستىدىن،
ماڭا ھەمراھ كىر چاپان، ئەسكى ياتاق.

B: ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

A: (خۇشخۇي ئورنىدىن تۇرۇپ) ۋوي، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ ـ كېلىڭ. (كۆرۈشكىلى قول بېرىدۇ.)

B: (كۆرۈشمەيلا ئولتۇرۇپ) كەلسىلە! ئامىن! ئاللاھۇئەكبەر!

A: (داربتىملاپ) ئاللاھۇئەكبەر!

A: (B نىڭ گەپ قىلماي ھجىيىپ ئولتۇرغىنىغا قاراپ) سىز...

B: ھەئە، مەن.

A: سىز كىم بولىسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

B: مەن، مەن بولىمەن، ئۇكام.

A: سىزغۇ سىز بولىسىز، شۇ سىز زادى كىم بولىسىز؟ ئوچۇقىنى دېمەمسىز؟

B: ئەستاغپۇرۇللا، مېنىڭ كىملىكىمنى ئەجەب بىر سۈرۈشتۈرگىلىرى كېلىپ كەتتى، ئۇكام. مۇنداق قىلايلى، مېنى يېقىن كېلىپ بىر پۇراپ باقسىلا، مېنىڭ كىملىكىمنى شۇ چاغدا بىلىدىلا.

A: ۋاي، قويۇڭە بۇنداق گەپنى.

B: (تارتىپ ئەكىلىپ ئۆزىنى پۇرىتىپ) كېلىڭە، مېنى بىر پۇراپ بېقىڭە! قانداق؟ تونۇش پۇراق كېلىۋاتقاندۇ؟

A: نەدىكىنى؟ تەر پۇراپ كېتىپسىزغۇ؟

B: قايىلسىلا، ئۇكام! «چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار» دېگەندەك، ئاشۇ بەتبۇي، تەر پۇراقنىڭ ئىچىدە بىر خىل خۇشبۇي پۇراق بار! سىلى بۇرۇن بۇ پۇراقنى پۇراپ - پۇراپ بولالمىغان! مانا مەن ھازىر ئاشۇ پۇراقتىن بەھرە ئېلىۋاتقان ئادەممەن!

A: ھەي، بۇ پۇراق - مۇراقنىڭ گېپىنى قويۇپ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەڭە! كىم بولىسىز، نېمىگە كەلدىڭىز، ئوچۇقىنى دېمەمسىز؟

B: ھى، ئۇكام، خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن.

A: خىجىل بولماي دەۋېرىڭ.

B: ئەستاغپۇرۇللا، (بېشىنى تاتىلاپ) مەن... مەن... (A نى ئىملاپ) مەن بىزنىڭ خوتۇننىڭ ئېرى.

A: نېمە؟ بىزنىڭ خوتۇننىڭ ئېرى دەپمۇ گەپ بولامدۇ؟ ياكى بىر خوتۇننى ئىككىمىز شېرىكلىشىپ ئالمساق؟

B: مەن «بىر خوتۇننى شېرىكلىشىپ ئالدۇق» دېمىدىم. بۇ يەردە پەقەت ئىلگىرى - كېيىنلىك مەسىلىسى بار. بۇرۇن سىز





قەدرىگە يەتمەي قويۇۋەتكەن خوتۇننى مانا مەن ئارزۇلاپ، ئۆز ئىختىيارىمغا - نىكاھىمغا ئالدىم شەخسىي!

A: نېمە دېمەكچىسىز؟ نېمە ئىشىڭىز بار؟ نېمىگە كەلدىڭىز؟ گاچ - گاچ دەڭە! قانداق ئادەم ماۋۇ...

B: ۋاي، نېمىگە ۋارقىرايلا، ئۇكام. باشلىرى نامايىش تۇۋلاپ قالمىغاندۇ سىلىنىڭ؟

A: ھەي، جاھاندا نى - نى قىزلار تۇرسا ئۆتۈپ - تېشىپ ئاشۇ خوتۇنغا يولۇقتىڭىزمۇ؟

B: ھە، بەك دەپ كەتتىلىغۇ، ئۇكام! مەن ئاشۇ خوتۇنغا يولۇقتۇم، گەپ بارما؟! «توخۇنىڭ تېرىسى تاتلىق، خوتۇننىڭ قېرىسى تاتلىق» دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟!

A: ئاڭلىغان، «ئاياغنىڭ كونىسى ياخشى، خوتۇننىڭ يېڭىسى ياخشى» دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىغان.

B: ھەببەللى! خوتۇن سىزگە كونا بولغان بىلەن، بىزگە چىپچەستەي، يېڭى!

A: جىڭ ئەر كىشىنىڭ خۇۋەينىسى ئىكەنسىز جۇما سىز!

B: مۇنداق سېسىق گەپ قىلىپ، تولا قورسىقىمنى «پىجۇ» قىلمىسىلا جۇماۋەي، ئۇكام!

A: قارىغاندا سىز كونا ئاياغقا ئامراق ئوخشايسىز - ھە؟

B: ھەئە، مەن ئاشۇ ئاياغ ئۈچۈن كەلدىم.

A: ئاياغ؟ قايسى ئاياغ؟

B: بۇرۇن سىز ھېلىقى بىزنىڭ خوتۇن بىلەن... ھە، ياق، مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن بۇرۇن توي قىلغان چاغدا، توي كۈنى پۇتىغا ئاياغ كىيدۈرۈپ يۆتكىگەن بولغىيتتىڭىز، ئۇكام؟ يالاڭ ئاياغ يۆتكىگەنمۇ - يە؟

A: ھەئە، ئاياغ كىيدۈرۈپ يۆتكىگەن.

B: ھە، شۇ ئاياغنى سىلەر ئاجرىشىدىغان چاغدا ماۋۇ ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىكەن. «مەن ئاياللار بايرىمىدا كىيەتتىم، سەن بېرىپ

ئەكىلىپ بەر» دېگەنىدى، شۇنىڭغا كەلگەنىدىم، ئۇكام. بولمىسا بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمەيتتىم. خوتۇن دېگەننىڭ ھاجىتىدىن چىقمىساق بىزنى قانداق ئەر كىشى دېگىلى بولىدۇ، ئۇكام!

A: ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپسىز، ناھايىتى ئوبدان قىپسىز.

B: قوپۇڭە، ئاچىقىڭە، ئۇكام، بىرەرسى چاپلاپ قويمىغاندىكىن شارتتىدە كىرىپ ئاچىقامسىز؟

A: (تېرىكىپ) ماقۇل، مەن قاراپ باقاي، بار بولۇپ قالسا مەن سىزگە ئاچىقىپ بېرەي. (كىرىپ كېتىدۇ)

B: نېمە گەپ قىلمىسام ۋارقىراۋېرىدۇ ماۋۇ سۇ تاپانچىسى.

A: مانا مۇشۇ شۇدۇ؟

B: شۇدۇ، شۇدۇ، نېمە ئۇكام بۇ؟ پاختىلىشىپ قالغان جۇۋاۋىدەكلا ئاياغىنى بۇ؟ ۋىيەي، بۇنىڭ چەمى چەممۇ ياكى تىراكتورنىڭ كەينى چاقىمۇ؟

A: مەن نېمە بىلىمەن ئۇنى!

B: بۇنى يولدا كۆتۈرۈپ يۈرسەم سەت تۇرىدۇ، ماۋۇنى سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدىغانغا ئۆيىڭىزدە ھەقىچان خالتا ـ پالتا دېگەندەك نەرسە...

A: (قادىلىپ ھەيۋە قىلىپ يېقىن كېلىدۇ.) ھە!

B: (قورقۇپ) يوق. بولدى، مەن قولۇمدا كۆتۈرۈپ مېڭىۋېرەي، ماقۇل، ئۇكام.

A: ماقۇل، ئۇزاتمىدىم.

B: كېيىن كېلىپ تۇرىمەن. ۋاقتىم يەتسە ئۆزۈم كېلەي، ئۇكام.

A: يەنە ئوبدانراق ئويلىشىپ بېقىڭ، بىرەر نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن!

B: بىرەر نەرسە؟ (قايتىپ كېلىپ ئويلىشىپ) توغرا، خوتۇن ئەتىگەندە «ھېلىقى يوتقاننىڭ تېشى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ» دېگەندەك قىلغانتى، ئۇكام. رېشلىيەسىنى ئۆزى توقۇپتىكەن مۇنداق





نەيزىۋازلىق قىلغاندەك. قاراپ باقامسىز شۇنىڭغا؟

A: يوق! مەن ئۇنى «كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن» دەپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەن!

B: راستىمۇ ـ يە؟ ئۇنداق بولسا ياخشى قىپسىز، ئۇكام، بولمىسا مەن ئۇنى ھازىر ئەكەتسەم كېيىن خوتۇنۇم ئۇنى ماڭا يېپىپ قويسا ئۇ چاغدا مەن سىز پۈراپ قالمامدىم، ئۇكام. ماقۇل، مەن ماڭاي، خۇدايىمغا ئامانەت.

A: تاماق يەپ، قونۇپ، بولسا قىشلاپ ماڭسىڭىز بولاتتى.

B: قىشلاپ؟ (قايتىپ ئويلىشىپ) قىشتا، خوتۇن كىشى دېگەن پەلتو ـ مەلتۇدەك بىرنەرسىنى كىيىدۇ ئۇكام ـ ھە؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا خوتۇننىڭ جىلىتكە، پەلتو دېگەندەك نەرسىلىرى قېپقالغان ئوخشىمامدۇ ماۋۇ ئۆيدە؟

A: يوق، ماۋۇ ئۆيدە ھېچنېمىسى قالمىدى. ئۇ مەن يوق چاغدا ھەممە نەرسىنى ئەكىتىپ بولغان، چۈشەندىڭىزمۇ؟

B: ئوغۇل بالىدەك خوتۇن جۇما سىزگە تېتىغاندىكىن، ماقۇل، ئۇكام، مەن ماڭاي. ئۇزاتماڭ بولدى، مەن كېيىن يەنە... ئەستاغپۇرۇللا (قايتىپ كېلىپ) ئۇكام، ۋاقىتلىرى يەتسە بىزنىڭ مەھەللىگە، ئۆي ـ پۆيلەرگە... ئەڭ ياخشىسى، بارمىسىلا، ئۇكام. ماقۇل مەن ماڭاي. (تۇيۇقسىز A نىڭ چاپىنىنى كۆرۈپ) ۋوي، بۇ چاپىنىم قالدىمۇ ـ يە؟ ئۇكام، ماۋۇ چاپان چاپانمۇ ـ يە؟

A: ياق! بۇ چاپان ئەمەس، ئىشتان!

B: كۆزلىرىگە ئىشتان كىيىۋالمىغانلا ئۇكام سىلى؟ چاپان ماۋۇ. (كىيىدۇ، چاپاننىڭ يېڭى قىسقا كېلىدۇ) مانا!

A: چاپان، چاپان، مېنىڭ چاپىنىم، سېلىپ قويۇڭ.

B: كەلدىمۇ ـ يە؟

A: ياق، كەلمىدى، كالتە كېلىپ قالدى، سېلىپ قويۇڭ.

B: ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇكام. مەن بۇنى توي ـ تۆكۈندە، ھېيت ـ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بايرامدا كىيەي دېمىدىم. ئۆي ئىچىدە كىيىۋېتەرمەن، رەھمەت.

A: (تېرىكىپ) ماۋۇ مېنىڭ چاپىنىم، سېلىپ قويۇڭ دەۋاتىمەن.

B: ئۇكام، سىلى ئۇششۇقمۇ ـ يە؟ مەيەرگە كەلسىلە! چاپان مېنىڭ دەيدىغانغا پاكىت بارمۇ، ئۇكام؟ بىرەر يەردە ئىسىملىرى ياكى ئاتلىرى بارمۇ؟ ھە، گەپ قىلسىلا!

A: بوپتۇ، بوپتۇ، سىزگە قىلغان سوۋغام بولۇپ قالسۇن، كىيىپ كېتىڭە بولدى. (غودۇراپ) ئەجەب تويدۇردى ماۋۇ ئاداش.

B: (ماڭماقچى بولۇپ توختاپ، دۇتارنى كۆرۈپ قولىغا ئالىدۇ) ئۇكام، ئۇكام!

A: ھوۋ! نېمە؟

B: ماۋۇ دۇتارمۇ ـ يە؟

A: ياق، بۇ دۇتار ئەمەس، ھېچنېمە ئەمەس.

B: نېمە؟ ھېچنېمە ئەمەس بولسا سىلىگە لازىم ئەمەس ھەقچان، ھە؟ ئەمىسە مەن ئېلىپ ماڭاي.

A: ياق، ماۋۇ دۇتار ماڭا لازىم، قويۇپ قويۇڭ، مېنىڭ دۇتارىم.

B: (توختاپ) مەن گەپ قىلماي ئېلىپ ماڭغاندىكىن سەل ئۆزلىرىنى بىلسىلە جۇما، ئۇكام. (ۋارقىراپ) ماۋۇ دۇتار سىلىگە كىمدىن قالغان؟!

A: (ۋارقىراپ) قېيىنئاتامدىن قالغان!

B: قايسى قېيىنئاتىلىرىدىن... بويتاق!

A: (پەسكويغا چۈشۈپ) بۇرۇنقى ئايالىمنىڭ دادىسىدىن.

B: بۇرۇنقى ئايالىلىرى ھازىر كىمنىڭ خوتۇنى؟

A: سىلىنىڭ.

B: قېيىنئاتا كىمنىڭ؟

A: سىلىنىڭ.

B: دېمەك، دۇتار كىمنىڭ؟! (A ئەكەت دېگەندەك ئىشارە قىلىدۇ) پاكىتى يوق ئىش قىلمايمىز ئۇكام بىز. (مېڭىپ بولۇپ





توختاپ) ھە، راست، بىزنىڭ خوتۇنىنىڭ ئانچە ـ مۇنچە گىلەمنىڭ ـ كىگىزنىڭ تېگىگە تىقىپ قويىدىغان كا ـ پا (كارتا دېمەكچى)، پۇل ـ مۇل دېگەندەك نېمىلىرى بولىدىغان، بارمۇ ـ يە؟

A: يوق! ھېچنېمىسى يوق، ماۋۇ ئۆيدە يىڭنە چاغلىق نېمىسى يوق.

B: كېيىن چىقىپ قالسا، ئۇكام، سەن ـ پەن دېيىشىپ قالمايلى جۇما؟

A: ۋاي، مەن راست دەۋاتىمەن. بۇ ئۆيدە ھېچنېمىسى قالمىدى، يوق.

B: ئوبدان ئويلاپ باقسىلا، ئۇكام، مېنىڭ سەل ئاچچىقىم يامانراق جۇما!

A: ئۇنتۇلۇپ قالدى، بىر مۇھىم نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالدى.

B: گەپ قىلسىلا، دېسىلە.

A: مەن قالدىم، مېنى ئەكەتسىڭىز ماۋۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ئەكەتكەن بولىسىز.

B: توغرا! ئۆيدە ئىش قىلىدىغان بىر ئادەم كەم ئىدى، ئۇكام. يۈرسىلە! (قولىدىن تارتىپ مېڭىپ بولۇپ) ۋاي ماڭەۋەي! مېنىڭ ئۇ ئۆيۈم بىر ئېغىزلىق تۇرسا، ئۇ يەردە خوتۇنىمۇ تۇرسا، سېنى ئاپارسام چاتاق چىقمامدۇ؟! (تېلېفون كېلىدۇ) ئاللا... ماۋۇ يان تېلېفون نېمانداق قىلىدىغاندۇ؟ ۋەي!... كىمۇ؟ ئۇرايىمجانما، ھە، گەپ قىلە، نېمە؟ ھە، مەن ئاياغقا كەلگەن، (جىددىيلىشىپ) نېمە؟ خوتۇنۇڭ ئۆينى سېتىۋېتىپ بىر ئەر كىشى بىلەن گۇاڭجۇغا قېچىپ كەتتى؟ ھەي، جېنىم باغرىم، ئۇ ئۆينى سېتىۋەتسە كەچتە مەن نەدە ياتىمەن؟

A: خاتىرجەم بولۇڭ، ماۋۇ ئۆيدە يېتىپ قالىسىز.

B: كەچتە كېلەي، ۋاي ماڭەۋەي، ئىشىڭنى قىلە، ئاداش. ماقۇل،

ماقۇل، مەن ھازىر خوتۇننى ئىزدەي. (يان تېلېفوننى قويۇپ جىددىيلىشىپ) ئەستاغپۇرۇللا...

A: قانداق؟ خوتۇننىڭ قېرىسى تاتلىقمىكەن؟

B: ھەئە! توخۇنىڭ تېرىسى تاتلىقكەن! سەن ئالمىغان بولساڭ ئالمايتتىم مەن ئۇ خوتۇننى. (دۇتارنى بېرىپ) ئالە ماۋۇ چۆمۈچىڭنى! (چاپاننى) ئالە ماۋۇ ئىشتىنىڭنى! (ئاياغنى) ئالە ماۋۇ جۇۋاۋاڭنى! (جىددىيلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ)







## يىراقتىكى موللا داموللا

**قاتناشقۇچىلار:**

A: ئۇن - سىن سودىگىرى.

B: ناخشىچى.

**ۋاقىت:** پەسىل چەكلىمىسى يوق.

**ئورۇن:** مەلۇم ئۇن - سىن دۇكىنى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئىككى ئورۇندۇق.

B: (دۇتار كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ) ئادەم بارمۇ؟ ئادەم بارمۇ؟

A: بار، بار... (سەھنىگە چىقىپ كېلىدۇ)

B: ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

A: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشىمۇ؟

B: قانداق ئەھۋالىڭىز، ياخشىمۇ؟ «كىنو شاھى» ئۇن - سىن مەركىزى مۇشۇ شۇما؟

A: ھەئە، مۇشۇ شۇ. دىرېكتورى مەن

B: ھە، دەل جايىنى تېپىپ كەپتىمەندە؟ مېنىڭ بىر لېنتىلىق ناخشام بار ئىدى، تەييارلاپ قويغان. شۇنى بىر نەشر قىلدۇراي دەپ ئالدىڭىزغا كېلىشىم ئىدى.

A: ئولتۇرۇڭە، ناخشىلارنىڭ ھەممىسى تولۇقمىدى؟

B: ھەئە، تولۇق.

A: ئەمدى مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىز قانداق؟ توممۇ، بوممۇ ياكى زىلمۇ ئۇقمايمەن دەڭە. شۇڭا ناخشىلىرىڭىز يارىسا بوپتۇ، بىز لېنتىنى چىقارساق چىقىرايلى. ماۋۇ دۇتارنىمۇ ئوبدان ئەكەپسىز. ئاۋۋال بىرەر - ئىككى پەدە ئېيتىپ بېقىڭ. ئاڭلاپ باقاي قانداق؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

B: ھە، بولىدۇ.
A: ئىلىڭە، چېلىڭە.
B: (دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ)

ياتقىن دېسەڭ شۇمشىيىپ يېتىپ بەرسەم بولامدۇ؟
ئېرىقىڭدا لاي سۇدەك ئېقىپ بەرسەم بولامدۇ؟

A: (تېرىكىپ) چېك ئاھاي، بولمايدۇ! بۇ ناخشا دېگەننىمۇ بولامدۇ ـ بولمامدۇ دەپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ ئوقۇيدىغان نېمىسا ئۇكام ئۇ؟ يا بولىدۇ دەيمىز، يا بولمايدۇ دەيمىز. باشقىسىنى ئېيتىڭە!
B: قانداقراق ناخشا ئېيتىمەن؟
A: ھە، ماۋۇ قۇلاققا خۇشياقىقۇدەك، ھازىرقى زامانغا ماسلاشقۇدەك، دىسكو ـ تانسا كېلىدىغان، ئۇسسۇل ـ پۇسسۇل ئوينايدىغان ناخشىلارنى ئېيتىڭە، ئۇكام.
B: ئۇنداق بولسا لىرىك ناخشىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرەي ـ ھە؟
A: ھە، ئېيتىڭە.
B: (دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ)

نەدىدۇر ـ نەلەردىدۇر
مېنىڭ يارىم نەلەردىدۇر.

B: (A نىڭ تېرىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختايدۇ) بولمىدىما؟
A: ئۇكام، مۇشۇمۇ ناخشىما؟ «نەدىدۇر، نەلەردىدۇر» دەپ... بۇ ناخشىمۇ يا ئادەم ئىزدەش ئېلانىمۇ؟
B: بۇمۇ بولمىدىما؟
A: ئەستاغپۇرۇللا... بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟! نەدە ـ ئاۋۇ يەردە... ۋاي تۈزۈك بىر ناخشا ئېيتىڭە، ئۇكام! چېك ئاھاي...
B: ئۇنداق بولسا، يېڭى بىر ئىجادىي ناخشام بار ئىدى. شۇنى ئېيتىپ بېرەي ـ ھە؟



A: (خۇشياقمىغاندەك قول شىلتىپ) ھە...
B: (دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ)

كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يارىم،
تاڭدا كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق.

A: (تېرىكىپ) «كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يارىم، ئەتە كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق؟» چىرايلىرىنى بىلەت ئېلىپ بىر يەرگە يولغا سالمايدىغانلا ئۇكام ئەتە؟ بۇ ناخشا دېگەندە «يېنىڭدىمەن، قېشىڭدىمەن» دېسەك مۇھەببەت قېچىپ كەتمەيدۇ. «ئەتە كەلمەي، ئۈگۈن كەلمەي» دېسەك مۇھەببەت تۇرامدۇ قوللىرىدا؟ باشقا ناخشا ئېيتسىلا، ئۇكام. چېك، ئاھاي... ئادەمنى جىلە قىلماي... ھە، ھە، تۈزۈكىنى ئېيتسىلا، ھە چالسىلا!
B: ئۇنداق بولسا، خەلق ناخشىسىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرەي.
B: (دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ)

ئالما ئاتسام دەرياغا گۈلمەرەم.

A: (قولىنى كەسپىي ئوپېراتورلاردەك كامېرا ھالەتتە توغرىلاپ قاراپ) ئېكرانغا چىرايلىق چىقىدىكەنلا، لېكىن...
B: (ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ، گۈلمەرەم،
سەن يارىمنىڭ ئوتلارى، گۈلمەرەم،
يالقۇنلايدۇ ئۆچمەيدۇ، جېنىم مەرەم.

B: (A نىڭ يارىتمىغاندەك ئىپادىسىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ توختاپ) بۇمۇ يارىمىدىما؟
A: قارىسىلا، ئۇكام، ماۋۇ ئاھاڭ يامان كونا بولۇپ كېتىپتۇ،





لېكىن تېكىستى خېلى شوخكەن. تېكىستىنى ئىشلەتسەك بولغۇدەك.

B: قانداق ھالەتتە ئىشلەتمىز ئۇنى؟

A: ھازىرقى زامان كىشىلىرى ياخشى كۆرگۈدەك ھىندىستاننىڭ بىر ئاھاڭغا سالايلى ئۇنى.

B: ھىندىستاننىڭ ئاھاڭغا؟

A: توغرا، ئۇكام، ھازىر خەق ھىندىستاننىڭ، پاكىستاننىڭ، ئىسپاننىڭ... ئۇنىڭكى – بۇنىڭكىنى ئاڭلايدۇ. بۇنداق سىز ئېيتقاندەك ناخشىلارنى ئاڭلىمايدۇ ھازىر.

B: ۋاي، بۇ ئۇيغۇرچە ئاھاڭ، ئۇيغۇرچە تېكىست تۇرسا قانداق چۇشىدۇ؟

A: چۇشىدۇ، چۇشىدۇ. توختاپ تۇرسىلا. (ئويلىنىشىپ) ھە، راست، ئىسىملىرى نېمە سىلىنىڭ؟

B: مېنىڭ ئىسمىم تۇمۇرخان.

A: تۇمۇرخان؟! (ئويلىنىشىپ ئۇياق – بۇياققا ئىغىشىپ) تۇمۇرخان، تۇمۇرخان... تۇمۇرخاننىڭ ئاۋازى كىمنىڭكىگە چۇشە؟ تۇمۇرخان... تۇمۇرخان. (ۋارقىراپ) شارۇلخان![1] تۇمۇرخاننىڭ ئاۋازى شارۇلخانغا، شارۇلخاننىڭ ئاۋازى تۇمۇرخانغا چۇشىدۇ، ئۇكام. شارۇلخاننىڭكىنى ئېيتسىلا!

B: ئۇنىڭغا قانداق چۇشىدۇ؟

A: ئۇكام، سىلى ئۇقمايدىكەنلا، شارۇلخان دېسە ھازىرقى بىر قىسىم قىزلار ئۆلۈپ بېرىدۇ. تۇمۇرخان شارۇلخاننىڭ ناخشىسىنى ئېيتسا ئۇنىڭغا قىزلار ئۆلۈپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ كېسەل بولۇپ بېرىدۇ دەيمەن.

B: (كۈلۈپ) قىزىق گەپ بولدى... بۇ... مەن بۇنداق ناخشىنى ئېيتالمىغۇدەكمەن.

A: ئۇكام، سىلىنىڭ نام چىقارغۇلىرى بارمۇ، يوقمۇ؟

B: نامىمنىغۇ چىقارغۇم بار. بىراق...

---

① شارۇلخان – ھىندىستاننىڭ داڭلىق كىنو چولپىنى، شاھرۇلخاننى دېمەكچى.









A: ھەببەللى! تۇمۇرخان دېسە خەق بىلمەي، شارۇلخاننىڭ ئىنىسى ئوخشايدۇ دەپ لېنتىلىرىنى جىق ئالىدۇ دەيمەن. «تۇمۇرخان – شارۇلخاننىڭ ئىنىسى!» دەپلا چىقىرىۋېرىمىز.

B: قانداق چۈشۈرۈپ ئېيتىمىز ئۇنى؟ سىز بىر چۈشۈرۈپ بېقىڭە قېنى.

A: بولىدۇ، ھېلىقى ناخشىنى سالىمىز، ئۇكام. ھېلىقى ۋاچچاللى![1] «گۈلمەرەم»نىڭ تېكىستىنى ۋاچچاللىغا سالىمىز.

B: ھە بوپتۇ، سىز سېلىپ بېقىڭە، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.

A: ئاڭلاڭ – ھە! (ۋاچچاللىنىڭ ئاھاڭىدا)

ۋاچچاللى، ۋاچچاللى، ۋايجان ئاللا ۋاچچاللى
ۋاچچاللى، ۋاچچاللى، ۋاچچىلى، ۋاچچىلى ۋاچچاللى.

بۇنىڭغا «گۈلمەرەم»نىڭ تېكىستى نەقلا كېلىدۇ، بوغۇم سانى ئوخشايدىكەن، ئۇكام.

(«گۈلمەرەم»نى «ۋاچچاللى» ئاھاڭىدا ئوقۇيدۇ)

گۈلمەرەم، گۈلمەرەم، مېنىڭ يارىم گۈلمەرەم،
(كاسىسىنى ئېتىپ تۇرۇپ)
گۈلمەرەم، گۈلمەرەم مېنىڭ يارىم گۈلمەرەم!
ۋاچچاللى، ۋاچچاللى، شارۇلخاننى تاپايلى،
شارۇلخاننى تاپقاندا، ئۆزىمىزنى ئاتايلى.

B: مۇشۇمۇ ناخشا بولدىمۇ ئەمدى؟

A: ئۇكام، تازا چۇشىدۇ، مۇشۇنى ئېيتسىلا!

B: ۋاي، بىر ئوبدان ناخشىنى بۇزۇپ نېمە قىلىمىز دەيمەن...

A: چىك، ئاھاي... ئاۋازلىرى چۈشكەندىكىن مۇشۇنداق ئېيتسىلا،

---

① ۋاچچاللى – ھىندىستاننىڭ بىر ناخشا ئىسمى.

ھازىر خەقلەرمۇ مۇشۇنداق ناخشىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. نېمانداق قىلىدىغاندۇ؟

B: ياق، مېنىڭ ئاۋازىم بۇنىڭغا چۈشمەيدۇ.

A: ئولتۇرسىلا، ئەجەب جاھىل بالا ئىكەنلا. ئۇنداق بولسا، ئۇكام، نېمىنى ئېيتسىلا بولار؟ توغرا، مەن بىر تېكىست يېزىپ قويغان، ئۆزۈم...

B: يېڭى ناخشىما؟

A: يېڭى! لېكىن ئاھاڭى كونا، يازغان تېكىستىم بىلەن ئوقۇپ بەرسەم، شۇنى ئۆگىنىپ ئېيتامىلا - يە؟

B: ھە، مەيلى، يېڭىراق ناخشا بولسا شۇنى ئېيتايچۇ.

A: («شاپائەتچى جىگۈڭ» فىلىمىنىڭ ناخشىسى ئاھاڭىدا ئېيتىدۇ)

لەڭمەن ئەت، خام سەي ئەت،
نېمە ئەتسەڭ ئوخشايدۇ.
نامى ئۇنىڭ لوبۇ، نامى ئۇنىڭ لوبۇ،
ھەي، ھەي، ھەي!

B: ھىم، ناخشا! مۇشۇ ناخشا بولدىمۇ؟ چامغۇر، لوبۇ، بەسەي دەپمۇ ناخشا بولامدۇ ئەمدى؟ كىم ئاڭلايدۇ بۇنداق ناخشىنى؟

A: ئۇكام، نېمانداق چۈشەنمەيلا؟ ھازىر ھەممە ئادەم مۇشۇنداق تېكىستى بار ناخشىلارنى ئاڭلايدۇ. ئەجەب ناخشا ياراتقىلى بولمايدىكىنا سىلىگە؟ بوپتۇ، ئاخىرىدا بىر پۇرسەت بېرەي، ئۇكام، ئۇنداق بولسا سىلى ئامېرىكىنىڭ ناخشىسىدىن بىرنى ئېيتسىلا!

B: ئامېرىكىنىڭ؟ قانداق ناخشا؟

A: «قىساسكار چايان»①، بۇ ناخشىنى سىلى دۇتار بىلەن ئېيتسىلا چۈشىدۇ. سىلى ئاڭلىغانما؟ بۇنىڭ تېكىستىنى ھېچكىم

① قىساسكار چايان ــ ئامېرىكىنىڭ كىنو فىلىمىنىڭ ئىسمى.





ئۇيغۇرچە يېزىپ ئوقۇپ باقمىدىچۇ، ئۇكام، مەن قىلدىم. ئېيتىپ بېرەيما؟

B: ھە، ئاڭلاپ باقاي.

A: (شۇ فىلىمنىڭ ئاساسىي ناخشىسى ئاھاڭىدا، ئېغىزىدا گىتار «چالىدۇ»)

بىر كۈنى سەھنىدە چېلىۋاتسام دۇتار،
بىر قاراقچى ئېسىلىۋالدى چىرايلىق بىر قىزغا.
دۇتارنىڭ پايىنىكى بىلەن بىرنى ئۇرغانىدىم،
يىقىلىپ چۈشتى قاراقچى ئوڭدىسىغا.
ياھىيا... يا... يا...

(ۋارقىرايدۇ)

B: مۇشۇ ناخشىنى ئېيتامدىمەن؟

A: ئولتۇرسىلا، مۇشۇنى ئېيتىدىلا! MTV سىنى ئۆزۈم ئىشلەيمەن. سىلى بۇ ناخشىنى ئولتۇرۇپ دۇتار بىلەن ئېيتىدىلا، ئەتراپلىرىدا چىرايلىق يېرىم يالىڭاچ ساھىبجامالدىن بىرسىگە كىندىكى ئوچۇق كۆڭلەكنى كىيدۈرۈپ مىللىيچە ئۇسسۇلغا سالىمىز.

B: توۋا خۇدايىم.

A: بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىلىمۇ سىلى؟ تاماشىبىنلارنى سىلىنىڭ ناخشىلىرى تارتىۋالمىغىنى بىلەن، ئاۋۇ قىز بالىنىڭ كىندىكى تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مىللىيچە يالىڭاچ ئۇسسۇلغا سالىمىز.

B: مۇشۇ ناخشىغا يالىڭاچ قىز بالىنى مىللىيچە ئۇسسۇلغا سالامسىز؟ بۇ قانداق بولىدۇ؟

A: ئوبدان بولىدۇ، ئۇكام.

B: بولمايدۇ.

A: ۋېيەي، ماۋۇ لېنتىنى چىقارغۇڭىز بارمۇ - يا، ئۇكام؟

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھىندىستان، پاكىستان، ئىسپان، ئامېرىكىنىڭ ناخشىلىرىنى يەنە قاتىمىز. بولمىسا ماۋۇ خەق لېنتىنى پۇلغا ئالمايدۇ دەيمەن. زادى لېنتىنى چىقارغۇچىز بارمۇ ـ يە؟

B: لېنتىنى چىقارغۇم بار، لېكىن ناخشا ئېيتتىم دەپ، خەقنىڭكىنى بۇزۇپ ئېيتىپ نېمە ئىش قىلىمىز دەيمەن ـ ھە؟ بىز باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى ئېيتساق، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ناخشىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ تۈگىگەندە ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭكىنى ئاشۇرۇپ ئېيتقۇدەك بولغاندا، خەقنى دوراپ ئېيتساق بولىدۇ. يېرىم يالىڭاچ قىز بالىنى مىللىيچە ئۇسسۇلغا سالىمەن دەيسىز تېخى. ئۇ قىزلارغۇ ئاشۇنداق ئۇسسۇلنى ئويناشتىن نومۇس قىلمىسۇن، لېكىن ئاشۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى سەھنە ـ ئېكرانلاردا كۆرسىتىشتىن سىزمۇ خىجىل بولمامسىز؟ تېخى «ھىندىستان ـ ئامېرىكىنىڭكىنى ئېيت» دەۋاتىسىز. بىز ئامېرىكىنىڭكىنى 10 يىل، ھىندىستاننىڭكىنى 20 يىل، يەنە بىرسىنىڭكىنى 30 يىل ئېيتساقمۇ بەرىبىر بىز ئۇلار ئەمەس. بىز — ئۆزىمىز. ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىمىزنىڭ ناخشىسىنى ئېيتقىنىمىز ياخشى. خوش، مەن كەتتىم. سىز ئاشۇ يېرىم يالىڭاچ قىزلارنى ئۇسسۇل ئوينىتىۋېرىڭ.

A: ھەي ئۇكام، توختاڭە! مەن بىر سىزنى كىندىكىڭىزنى ئېچىپ قويۇپ دۇتار چېلىپ بېرىڭ دېمىگەندىكىن، ئېيتىۋەرمەمسىز؟ مەن پۇل بېرىدىغان تۇرسام، بىكارغا ئېيتامتىڭىز ـ يە؟

B: پۇلىڭىزنى چىكىڭىزگە تىڭىڭ. مېنىڭ سىزگە ئىشلەپ بېرىدىغان لېنتام يوق. مەن ئەڭ ياخشىسى، ناخشامنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ياخشىراق جاينى تېپىپ، لېنتامنى ئاشۇ يەردە نەشر قىلدۇراي، ماقۇل، مەن كەتتىم.





# ھەۋەسكارنىڭ يېڭى ھەۋىسى

**قاتناشقۇچىلار:**

A: ھەۋەسكار.

B: (تۆمۈرخان). ئاۋاز ئارتىسى.

**ۋاقىت:** پەسىل چەكلىمىسى يوق.

**ئورۇن:** ئىشخانا.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئىككى ئورۇندۇق.

B: (زېرىكىپ دۇتار چېلىپ ئولتۇرىدۇ.)

A: (كىرىپ كېلىدۇ) تۆمۈجان بارمىدۇ؟ تۆمۈجان بار...مىدۇ؟

B: (تونۇيالماي) ۋوي... سىز...

A: مەن! ئا... مېنى تونۇمىغىنىنى.

B: ھە، كېلىڭ، كېلىڭ...

A: (كېلىپ كۆرۈشۈپ) قانداقراق، تۆمۈجان؟ مىجەزلىرى ئوبدانما؟ بالىلار تىنچلىق تۇردىما؟ ياۋ... ماۋۇ ئادەمنىڭ ئۆزگەرمەي يەنە شۇ پېتى تۇرغىنىنى دەيمەن. (بېشىنى ئېتتىرىپ ئەركىلىتىدۇ) قېرىمايدىغان ئادەمكەنلا جۇماۋەي، تۆمۈجان!

B: (كۈلۈپ) ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. راست، سىز ئۆتكەن يىلى ھەممە يۇرتنىڭ يەرلىك شېۋىسىنى دوراپ ماڭا ئىمتىھان بەرگەن ئادەم شۇغۇ؟

A: ئەكەلسىلە قوللىرىنى، تۆمۈجان. ھەرنېمە بولسا ئۇنتۇپ قالماپلا، رەھمەت، تۆمۈجان.

B: تۆمۈجان ئەمەس، تۆمۈرخان دەڭە.

A: بولدى، تۆمۈجان دەۋېرەيچۇ، ئۇكام. بۇ تۆمۈرخان دېسە ئادەمگە قېرى بىر ئادەمنىڭ، بولۇپمۇ قېرى خوتۇننىڭ ئىسمىدەك



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇيۇلىدىكەن ئادەمگە.

B: تۇغلۇق تۆمۈرخان دېگەن تارىخىي ئىسىملار، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىسمى بۇ.

A: ئاھاي... قويسىلا، سىلى بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بولمىغاندىكىن تۆمۈجان دەۋېرەيچۇ.

B: ھە، (تالاشقۇسى كەلمەي) ئولتۇرۇڭ. ھەرنېمە بولسا بىزنى ئۇنتۇپ قالماي، تاشلىۋەتمەي ئىزدەپ كەپسىز ـ ھە؟

A: سىلىنى قانداقمۇ تاشلىغىلى بولىدۇ، ئۇكام. «تۆمۈرنى تاشلىساڭ داتلىشىدۇ، خوتۇننى تاشلىساڭ ياتلىشىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بىرىمىز داتلىشىپ، بىرىمىز ياتلىشىپ يۈرسەك ياخشى بولماس.

B: ھە، بۇياقتا يەنە كېلىپ قاپسىزغۇ؟

A: (ناخشا ئاھاڭدا)

كېلىمەن، كېلىمەن، جانىم كېلىمەن، قاشىڭغا كېلىمەن.
ھەر يىلى كېلىپ يېنىڭىزغا ئىمتىھان بېرىمەن، ھە!

B: (كۈلۈپ) ياخشى، ياخشى. ھەرنېمە بولسا مېنى ئۇنتۇپ قالماي، ئەسلەپ تۇرۇپسىز ـ ھە؟

A: (خەلق ناخشىسى «مەربىيە» ئاھاڭىدا)

ئەسلەيمەن سېنى دائىم تۆمۈجان، تۆمۈجان،
كۈندۈزلىرى ـ ئاخشامدا تۆمۈجان، تۆمۈجان.
ئەسلەيمەن سېنى دائىم تۆمۈجان، تۆمۈجان،
دۇتار چېلىپ ناخشامدا تۆمۈجان، تۆمۈجان.

B: ياخشى، ياخشى، ئاۋازىڭىز بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، ئېچىلىپلا كېتىپتۇ. بىرەر لېنتا چىقىرىپ ساتسىڭىز بولمامدۇ؟





A: (ناخشا)

ئېگىز داۋان پېشىۋان، مەن ياتمايمەن ئۆزۈڭ يات،
ناخشىسىنى مەن ئېيتاي، لېنتىسىنى ئۆزۈڭ سات.
تۆمۈرىمۇ تۆمۈجان، ئا... تۆمۈرىمۇ تۆمۈجان

B: بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاۋازىڭىز راستتىنلا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. چىرايلىق ئېيتتىڭىز، يەنە ئۇلاپلا ئىككى ـ ئۈچنى ئېيتىۋەتمەمسىز؟

A: چاقچاق قىلمىسىلا، ئۇكام، سىلىنى ئۆز كۆرۈپ ناخشا ئېيتىپ قويسام ئادەمنى زاڭلىق قىلىدىكەنلا، سىلى بار يەردە مەن ناخشا ئېيتىپ يۈرسەم سەت تۇرامدۇ، ئۇكام. ئۇنىڭ ئۈستىگە «بۇلبۇل بار يەردە قاغىغا نېمە قويۇپتۇ» دەپتىكەن، تۆمۈجان.

B: ئۇنداقتا ناخشا ئېيتىپ بەرمىسىڭىز، يەنە ماقال ـ تەمسىللەرنى تەرجىمە قىلىپ بەرگىلى كەلدىڭىزمۇ ـ يە؟

A: ياق، ياق، بۇ قېتىم ئۇ ئىش بىلەن كەلمىدىم. ئەگەر تەرجىمە قىلىپ بەر دەپ تەلەپ قىلىپ قالسىلا، يەنە بۇرۇنقىدەك يانمايمەن جۇما، ئۇكام. سەۋىيەم بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆسۈپ كەتتى دەيمەن مېنىڭ.

B: ھە، سەۋىيەم ئۆسۈپ كەتتى دەڭ، قارىساممۇ سەۋىيەڭىز ئۆسۈپ كەتكەندەكلا تۇرىدۇ.

A: ماۋۇ ئادەم قاراپلا ئۇققۇۋالىدۇ ـ دە.

B: بوپتۇ، مەن سىزگە بىرنەچچە ماقال ـ تەمسىل دەيمەن، مۇشۇ يەردىلا تەرجىمە قىلىپ بېقىڭە.

A: چاتاق يوق، ئۇكام، دېسىلە.

B: (ئويلىنىپ) ھە...

A: «ھە»نى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ.

B: «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، بويۇمدا قالدى».

A: «ۋېيلا پېڭيۇدى مېيەنزى، ۋا دۇزىلا يوۋ خەيزى».

B: «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەننىچۇ؟

A: «ۋەر شوۋخوا، شياڭ شوۋخوا».
B: «باردا پولدۇرۇڭ ـ پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ» دېگەننىچۇ؟
A: «يوۋدى شىخو خوۋالا ـ خوۋالا، ميوۋدى كەنجيەن زولا».
B: ياخشى، ھە، بوپتۇ، (تېرىكىپ) «داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان» دېگەننىچۇ؟
A: «شوۋگو داڭ ـ داڭ، ماۋلۈزى ھاڭ ـ ھاڭ».
B: ھاڭ ـ ھاڭ؟
A: ھەئە. ھە يەنە، «ئاغزىمغا قوقاق چىقىپ قاپتۇ» دېگەننى تەرجىمە قىلساق، «زۈيبا شاڭ خەيپا چۇلەيلا»!
B: راست، سەۋىيەڭىز ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ياخشى تەرجىمە قىلدىڭىز. (تەنە قىلىدۇ)
A: (تەنە قىلغاننى چۈشەنمەي داۋاملىق رەھمەت ئېيتىدۇ) ھى، رەھمەت.
B: بەلەن تەرجىمە قىلدىڭىز، ئوبدان تەرجىمە قىلدىڭىز، ئولتۇرۇڭ.
A: رەھمەت، ئەمدى مۇشۇنداق تۈپتۈز تەرجىمە قىلىپ كۆنۈپ قاپتۇق، ئۇكام، جىجيىدا![1]
B: ھەي، تەرجىمە دېگەن ئۇنداق ياپىلاق بولمايدۇ.
A: نېمە پايدىسى، ئۇكام، ئۇنى توملاق ـ توملاق قىلدۇق دەپ يوق گەپنى قوشۇپ تەرجىمە قىلغاننىڭ.
B: ھە، ئەمدى مەقسەتكە بىر كېلەيلى.
A: كەلسىلە! ھە...
B: مېنى نېمىگە ئىزدەپ كەلدىڭىز؟
A: ئەمدى خەۋەرلىرى بار، ئۇكام، مەن بىر ھەۋەسكار. بىر ئىشقا ھەۋەس قىلىپ قالدىم.
B: نېمە ئىشقا؟
A: لېكىن، ئۇنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. ئالدى بىلەن سىلىنى

① جىجيىدا ــ خەنزۇچە ئۇدۇل، بىراقلا، تۈز... دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.





سېغىنىپ، بولۇپمۇ ئىي دۇتارلىرىنى سېغىنىپ كەلدىم. ئاۋۋال بىر ـ ئىككى پەدە چېلىپ بەرسىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىش مەقسىتىمنى دەپ بېرەيمىكىن، ئۇكام.
B: ياق، ياق. بولدى، ئۇنى...
A: تۆمۈجان! ئالسىلا! ئانام ـ ئانامغا بىر چالسىلا ـ ھە!
(B ئىككىلەنگەن ھالدا دۇتارنى ئېلىپ خەرەككە تۇكۇرىدۇ)
A: ئۇكام، ئۇ دۇتارنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ تۇكۇرگەنگە چىقمايدۇ، مۇنداق بىر چالسىلا! ( Bدۇتارنى تەڭشىمەكچى بولۇپ بىر تارىسىنى چېلىپ باقىدۇ.)
A: (تېرىكىپ) نېمە ئىش قىلىۋاتىلا ۋاي، ئۇكام. ىنىڭ ـ ىنىڭ قىلماي، جاڭ ـ جاڭ ـ جاڭ چالمامال ئوغۇل بالىدەك ئۇنى.
B: ماقۇل، ماقۇل. جاڭ ـ جاڭ ـ جاڭ چېلىپ بېرەيمۇ؟
A: چالسىلا ـ ھە! (B دۇتارنى خۇددى گىتار چالغاندەك پاس ئۇرۇپ چالىدۇ.)
A: (تېرىكىپ) نېمە قىلىق ھەي ئۇكام بۇ! بىژ ـ باق ـ باق ـ باق قىلىپ پاختا ئاتقاندەك... سىلى دۇتارچىمۇ ياكى پاختا ئاتىدىغان ئاتقۇچىمۇ سىلى؟! ئادەمنى زاڭلىق قىلىدىكەنلا ۋاي!...
B: چاقچاق، چاقچاق...
A: قويسىلا ۋاي... سىلىكەنلا، سىلىدىن باشقا ئادەم بولسا يۈزلىرىگە تۇكۇرەتتىم جۇما، ئۇكام...
B: ھەي، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، چاقچاق چۈشەنمەمسىز؟
A: نېمىنى چاقچاق قىلىدۇ. ئاھاي... (تېرىكىپ غوتۇلدايدۇ)
B: خاپا بولماڭ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. (Aنىڭ دوپپىسىنى بېسىپ قويىدۇ)
A: (دوپپىسىنى تۇتقانغا تېرىكىپ، ئۆزى چۆرگىلىتىپ كىيىپ) ئاھاي... قويىڭە...
B: خاپا بولماڭ... پاھ، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى، قايسى ناخشىنى دېگەنتىڭىز؟
A: (تېرىكىپ ۋارقىراپ) ئانام ـ ئانام دېدىمغۇ! (B چالماقچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ) قايىلىسىلا! چالسىلا، خۇشياقىقانداك چالسىلا جۇما، ئۇكام. مۇنداق تانسا ـ پانسا، ئۇسسۇل ـ پۇسسۇل كەلگۈدەك چالسىلا جۇما! بىز شوخ ئادەملەر، خەۋەرلىرى بار، مۇزىكا چىقسا تۇرالمايمىز. (قولىدا ھەرىكەت قىلىپ) مۇنداق بى ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك چالسىلا ـ ھە؟ چالسىلا!

B: تۇزۇك بىر گەپ قىلىڭە، ھەي! بۇ «ئانام ـ ئانام»غىمۇ ئۇسسۇل ئوينامدۇ؟

A: ئۇكام! يوۋبەيۋۇمۇ [1] كېلىدۇ، چېلىۋەرسىلە.

B: «ئانام ـ ئانام» دېدىڭىزغۇ؟ ھە، مەن شۇنىڭ ئۆزىنى چېلىپ بېرەي.

A: ھە، ئانام ـ ئانام، چالسىلا.

B: (دۇتار چېلىپ ناخشا باشلايدۇ)

يەرلىكنى كولاۋېتىپ، ئانام ـ ئانام،
كەتمىنىم سۇنۇپ كەتتى، ئانام ـ ئانام.

A: (ئالدىدا بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ كېيىن يىغلاپ) توختىسىلا!

B: نېمە بولدىڭىز؟

A: (يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ) چالسىلا!

B: (داۋاملىق)

يەرلىكنى كولاۋېتىپ، ئانام ـ ئانام،
كەتمىنىم سۇنۇپ كەتتى...

A: توختىسىلا!

B: نېمە بولدىڭىز؟ زادى چالامدىم، چالمامدىم؟

A: چالسىلا! قايىلىسىلا، ئۇكام. شوخ ـ شوخ چالسىلا ئادەمنى

---

① يوۋبەيۋۇ ــ تولغىما ئۇسسۇل.





يىغلاتماي، مەنمۇ بىر ئېيتىشىپ بېرەي، جانلىق ـ جانلىق چىقسۇن، چالسىلا.

B: ماقۇل، ماقۇل. (داۋاملاشتۇرىدۇ)

يەرلىكنى كولاۋېتىپ، ئانام ـ ئانام،
كەتمىنىم سۇنۇپ كەتتى، ئانام ـ ئانام.
ۋاي... مېھرىبان ئانام.

(ناخشىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئانام ـ ئانام» دېگەن يېرىگە كەلگەندە A ناخشىنىڭ كۈيگە ماسلاشمىغان ھالەتتە ئوقۇپ ئارىلىشىۋالىدۇ)

B:

جېنىمغا شۇل ئانام، ئانام ـ ئانام،
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى، ئانام ـ ئانام.
ۋاي ھەسرىتىم...

A: ئۇنام! («ئانام» دېگەن مەنىدە)

(A ناخشىنى بۇزغانلىقىدىن خىجىل بولغانداك بېشىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ)

B: ئېيتىڭە.

A: بولدى، ئۆزۈم بىلىدىغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بولدۇم. ئادەمنى مىش ـ مىش يىغلىتىپ، ھېلىمۇ ياخشى ئانام ـ ئانام دەپتىكەنمەن. موما ـ موما دېگەن بولسام ئىش باركەنتۇق، ئۇكام.

B: بىر ئادەم ناخشا ئېيتىۋاتقاندا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت. نېمە چەتنىڭ رادىيوسىدەك ئارىلىشىۋالىسىز؟

A: مۇنداق شوخ ـ شوخ چالماملا ئۇنى، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ.

B: قانداق شوخ ـ شوخ چالىدۇ؟

A: ھە مۇنداق چالىدۇ... شوخ ـ شوخ.

B: ھەرقانداق ناخشا دېگەننىڭ ئۆزىگە يارىشا رىتىمى، ئاھاڭى، ئۇدارى بولىدۇ ئۇنىڭ. سىز زادى قانداق ناخشا ئاڭلايسىز؟

A: (قولىنى كېرىپ) مانداغ!

B: «مانداغ» دەپمۇ ناخشا بارما؟

A: بار! شوخ ـ شوخ.

B: ماقۇل، سىز ئېيتىپ بېقىڭە، قانداق ناخشا ئۇ زادى؟

A: (ئېغىزىدا مۇزىكا چېلىپ بولۇپ ئېيتىدۇ.)

سەنمۇ باردىڭ ئەترەتكە،
مەنمۇ باردىم ئەترەتكە.
تۇتقان يارىڭنى كۆردۈم بالا،
يۈز ـ كۆزلىرى تەمرەتكە.
سېغىنىپ كەلدىم سېنى تۇمۇجان...

B: (تەنە قىلىپ) سېغىنىپ كەلدىڭىز؟ ناخشا دېگەننى مۇشۇنداق ئېيتامدا؟ ھەتتا مېنى ناخشىڭىزغىمۇ قوشۇۋالدىڭىزما؟

A: سىلىنىڭ ئىسمىلىرى ناخشىنىڭ كەينىگە بەك ئوبدان كېلىدىكەن. ھېلىقى مىراجىخان، دىكى ـ دىككاڭ زورىخان... دېگەندەك.

B: يوق گەپنى قىلماي ئولتۇرۇڭە، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭىزنى بىر دەڭە.

A: ئادەم... سەل خىجىل بولۇپ قالىدىكەن، ئۇكام. ھا...

B: بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭىز؟

A: (خىجىل بولۇپ) ھا...

B: ھەي، مېنى نېمىگە ئىزدەپ كەلدىڭىز دەۋاتىمەن؟

A: ھا...

B: بىر دەڭە ھەي! مەيەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭىز؟

A: (چېكىسىنى تاتىلاپ) شۇ... سىلىنى ماڭا بىر خوتۇن ئېلىپ بېرەمدىكىن دەپ كەلگەن، ھا...

B: ۋوي، سىزنىڭ خوتۇن ـ باللىرىڭىز بار ئىدىغۇ؟





A: قاپاقىقا ساپتېكەنمەن، خېتىنى ئالدى ۋاي، ئۇكام.

B: ئۆزىڭىزنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئۇردىڭىزما؟

A: ۋىيەي! سىزنىڭكىنى ئۇرسام بولامتى؟

B: نېمە گۇناھ قىلغانلىغا ئۇردىڭىز خوتۇنىڭىزنى؟

A: ئۇكام، سىلى ئۇقمايلا، گۇناھى ئېغىر دەيمەن ئاۋۇ خوتۇننىڭ.

B: ۋاي، شۇ سىز ئۇرغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى ئوچۇق دېمەمسىز؟!

A: راست گەپنى قىلسام، بۇ خوتۇنۇم قېرىغانسېرى كۆزۈمگە قېرى خوتۇندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى دەيمەن، بىردەم قارىسام بېشىغا دوپپا كىيىۋالغان، بىردەم قارىسام ياغلىق ئارتىۋالغان... ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيىۋالغان... ئىشقىلىپ، بۇرۇنقىدەك پەيزى قالمىدى. ھېلىقى «ساراڭ بولسا پىر ئوينا، قېرى خوتۇندىن نېرى ئوينا» دەپتىكەن، ئۇكام. شۇڭا نېرى ئويناۋاتىمىزغۇ.

B: ئاجرىشىپ كەتتىڭىز؟ خېتىنى بېرىۋەتتىڭىزما؟

A: ئالمەن دەپتى، ئۇكام، چۇپەيلىك قىلماي بېرىۋەتتۇق.

B: سىزدىمۇ ئازراق گۇناھ باردۇ؟

A: ياق، بىزدە گۇناھ يوق، ئۇكام. گۇناھ يوق.

B: ھەي! شامال چىقمىسا تېرەك لىڭشىمايدۇ.

A: قاغا قونۇۋالسىمۇ لىڭشىۋېرىدۇ ۋاي، ئۇكام.

B: ماۋۇ چاۋاڭ ئىككى قولدىن چىقىدۇ.

A: تەستەككە سالسىمۇ چىقىدىكەن.

B: ھەي، تولا ئېغىز غېرىچلىماي ئېنىق بىر جاۋاب بېرىڭە، ئايالىڭىزنىڭ زادى قايسى گۇناھىغا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىڭىز دەيمەن.

A: يائاللا، ئۇكام، ئادەمنى خىجىل قىلىپ سوراۋەردىڭىز، ئەسلىي دېمەي دېگەن مەن.

B: دەڭە، راست گەپنى ـ ھە.

B: ئۇنداق بولسا سىلىگە راست گەپنى دەي، ئۇكام. ئەمىسە خەققە دېمىسىلە جۇما؟ راست گەپنى قىلسام، ئۇكام، مۇشۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېلېۋىزوردا بىر قىز بالا بار، ئۇسسۇل ئوينايدىغان. مۇنداق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ (يېرىم يالىڭاچ دېگەننى ئىپادىلەيدۇ)، دوم - دوم تىكتۇك... (كاسسىنى تولغاپ ئوينايدۇ)، بۇ قىز بالىغا مەن كۆيۈك! بۇ قىز بالا ھېلىقىدەك كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ تېلېۋىزوردا شۇنداقلا چىقىدىغان بولسا بىر يەرلىرىم ۋىيەي - ۋىيەي بولۇپ كېتىدۇ مېنىڭ، نەچچە قېتىم شۇ قىز بالىنى تېلېۋىزوردا كۆرگەندە يۈرەك - باغرىمنى يۈزمىڭ قۇرت - قوڭغۇز يەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. نەچچە قېتىم چىديالماي تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆزۈم يالغۇز يىغلاپ كەتتىم، ئۇكام. نەچچە قېتىم مۇشۇ قىز بالا تېلېۋىزوردا چىقىۋاتقاندا تېلېۋىزورغا ئېسىلىپ قۇچاقلاپمۇ كەتتىم، لېكىن ئوتتۇردا ئېلان چىقىۋېلىپ پەيزىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى، ئۇكام.

B: يامان ئېغىر كۈندە قاپتۇق - ھە؟ قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟

A: ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئۇكام، ئۇ تاغمۇ يېقىن، بۇ تاغمۇ يېقىن. ئەمدى ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى بەك يېقىن دەپتىكەن. شۇڭا سىلىمۇ ئارتىس. ئاۋۇ قىز بالىمۇ ئارتىس ئەمەسما؟ ئۇ قىز بالىنى چوقۇم سىلى تونۇيلا. شۇڭا ئاشۇ قىز بالىنى ماڭا بىر ئېلىپ بېرەمدىكىن دەپ كەلگەن، ئۇكام. نەچچە پۇل كەتسىمۇ مەيلى، قىرىق - ئەللىك مىڭ كوي كەتسىمۇ مانا مەن ئۆزۈم كۆتۈرىمەن. ئەمما، ئۇكام، سىلىمۇ ئىشىمنى ئىش قىلىپ قويسىلا، قورۇق كەلمىدىم، ياتاقتا بىر يېرىم مېتىر پاختەك توكى سارجا بار ئىشتانلىق.

B: كۆتۈرۈڭە ۋاي ئۇنداق سارجىڭىزنى! نېمانداق... ھەي، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، دوپپا كىيىدۇ، ياغلىق ئارتىدۇ دەپلا ئۆزىڭىزنىڭ ۋاپادار ئايالىڭىزنى تاشلىۋەتتىڭىزما؟ ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىمىزنىڭ نەرى يامان؟ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئەنە ئاشۇ كىيىم - كېچەك بىلەن بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىزنى، بىزنىڭ پۇتمەس - تۈگىمەس گۈزەل مەدەنىيىتىمىزنى يارىتىپ بەرگەن. تېلېۋىزوردا يېرىم





يالىڭاچ كىيىم كىيىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىز بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەيسىز. شۇ ھالىتىدە ئۇ قىزنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرۈپ قالامسۇ؟

A: ياق. ئۇنداق قىلسا بولمايتتى!

B: قانچىلىك پۇل كەتسە مەيلى دەيسىز. ناۋادا ئۇ قىز بالا توي قىلىپ بولغان بولسىچۇ؟

A: توي قىلىپ بولغان بولسا بىرنېمە دېمەيمىز، ئۇكام. ئېرى بار خوتۇنغا چاقچاق قىلساق چوشقا بولۇپ كەتمەمدۇق!

B: مەن سىزنى بۇنداق ئەخمىقانە خىيالدا بولارمىكىن، دەپ ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. ھەي، بۇ ئادەم دېگەندە ئىنساب، شۈكۈر - قانائەت، شەرم - ھايا، ئائىلىسىگە بولغان سەممىي ساداقەت بولغاندىلا، ئاندىن ھەرقانداق نەرسە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سىز ئاشۇ بالىلىرىڭىزنىڭ ئانىسىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ ئەكىلىۋېلىڭ. بولمىسا بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالىسىز.

A: ئۇنىمايدۇ، جاھىل ئۇ خوتۇن.

B: ۋاي، ئالدى بىلەن بېرىپ باقمامسىز؟

A: ياق، ياق. قېيىنئانامنىڭ قاپىقى يامان، ئۇ يەرگە بارغىلى بولمايدۇ.

B: ۋاي، سىز بېرىپ باقسىڭىز ئاندىن بىر گەپ بولمامدۇ؟

A: ھە، مەنمىغۇ، ئۇكام، گەپلىرىنى مىڭ مىراتى يەيمەن. ئەمدى... باياتىن ئەجەب ھېلىقى قىز بالىنىڭ ئېرى بولۇپ قالسىچۇ، دەپ ئويلاپ باقماپتىمەنا؟ ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمىسەممۇ بولغۇدەك - ھە؟ بولمىسا ھېلىقى مېكىيانىغا چاقچاق قىلىپ، خورازدىن پەشۋا يېگەندەك ئىش بولمىسۇن، ئۇكام.

B: ھە، ئەمدى توغرا گەپ قىلدىڭىز. ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىدا بېرىپ ھالال جۈپتىڭىزنى ياندۇرۇپ ئەكىلىڭ.

A: ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى، ھېلىقى قىز بالىنى سىلى ماڭا ئېلىپ بېرەلمىگەندىكىن، ئۆزۈمنىڭ خوتۇننى بولسىمۇ

باشقىدىن ئېلىپ بېرەملا ـ يە؟

B: ۋاي، تۇزۇك گەپ قىلىڭە، ئۆزۈمنىڭ خوتۇنىنى باشقىدىن ئېلىپ بېرەملا دېمەي، مەن بىللە بېرىشىپ بېرىڭ دېسىڭىز بولمىدىمۇ؟

A: ھە، بېرىشىپ بېرىڭ.

B: يۇرۇڭە، ئەكىلىدىغان ئىش بولسا مەن بىللە باراي. ھە، راست، سىزدىن بىر گەپنى سوراپ باقاي، سىز ھېلىقى مىرزات ئالىم ئورۇنلىغان «ئاجراشماڭلار ئاتا ـ ئانىلار، يېتىم بولمىسۇن سەبىي بالىلار» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىمىغانما؟

A: ئاڭلىغان، ئۇكام، لېكىن مەن ئۇنى ئۆزگەرتىپ، «ئاجرىشىپ كېتىڭلار ئاتا ـ ئانىلار، كونىراپ قالدى خوتۇن ـ بالىلار» دەپتىكەنمەن.

B: (تېرىكىپ) يوق گەپنى قىلماي مېڭىڭە! (ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كېتىدۇ)







# بۇزۇق تېلېۋىزور

**قاتناشقۇچىلار:**

A: ئۆي ئىگىسى، ئەر.

B: ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى رېمونتچىسى.

**ۋاقىت:** ياز.

**ئورۇن:** A نىڭ ھويلىسى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئىككى دانە ئورۇندۇق.

B: (بىر دانە سايمان سومكىسىنى ئېسىپ سەھنىگە چىقىدۇ) ئادەم بارمۇ؟ ئادەم بارمۇ؟

A: (ئۆي ئىچىدىن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ) كىمۇ، ئادەم بارمۇ؟... ئادەم بارمۇ دەپ... ئۆي ئىچىدە ئادەم بولماي، ھايۋان بولامتىكى؟ ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ كىرىشنىمۇ بىلمىگەن بۇلار. (چىقىدۇ) ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

B: ھە، ۋەئەلەيكۇم. بايا بىرسى مۇشۇ ئۆيدىن تېلېۋىزورۇم بۇزۇلۇپ قالدى، رېمونت قىلدۇراتتىم، دەپ مېنىڭ ئىشخانامغا تېلېفون ئۇرۇپتىكەن، شۇنىڭغا كەلگەنىدىم.

A: ئەجەب تېز كەپسىز؟! تېلېفوننى مەن ئۇرغان. كېلىڭ ئولتۇرۇڭە، ئۇكام.

B: ياق، بولدى. مەن ئاۋۋال ئاۋۇ تېلېۋىزورنى...

A: ئۇكام، ئولتۇرسىلا! بىر ئولتۇرۇپ بەرسىلە!

B: ياق، مەن تېلېۋىزورنى بىر كۆرۈپ باقاي دېگەن...

A: ھە، كۆرسىلە.

B: (سەل تېرىكىپ) ئاۋۇ تېلېۋىزورنى بىر كۆرۈپ باقاي، نېمە بولدىكىن؟

A: ئۇكام، شۇ نېمە بولاتتى؟ ماۋۇ تېلېۋىزورنى پەقەت كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى دەيمەن.

B: نېمە بولدى؟ چىقمايۋاتامدۇ؟

A: چىقمايۋاتامدۇ دېگىنىنى... «چىقمىسا بولاتتى» دېگەن نەرسىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا چىقىدىغان بولۇۋالدى، ئۇكام! 32 ھەرپىنىڭ سەككىزى سوزۇق چىقتى، تېلېۋىزورنىڭ ئىچىدە ئادەملەر بوزۇق چىقتى!

B: بۇ گېپىڭىزنى پەقەتلا چۈشەنمىدىمغۇ؟

A: ئەستاغپۇرۇللا... ماڭا قاراڭ، ئۇكام. مەن ماۋۇ ئۆيدىكى تېلېۋىزورنى كىنو كۆرەرمەنمىكىن، خەۋەر كۆرەرمەنمىكىن دەپ ئالغان، لېكىن قاچانلا قارىسا بۇ تېلېۋىزوردىن دوختۇرخانىنىڭ ئېلانلىرى چىقىۋېرىپ، ھازىر مەنمۇ بىرىم دوختۇرغا ئېلىنىپ قالاي دېدىم جۇمۇ.

B: ئۇنداق بولسا ياخشى بوپتىغۇ.

A: ھەي ئۇكام، بۇرۇن تېلېۋىزوردا كىنونىڭ ئارىسىغا ئېلاننى قىستۇرۇپ قويياتتى، ھازىر ئېلاننىڭ ئارىسىغا كىنونى قىستۇرۇپ قويىدىغان بولۇۋالدى دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۆت خىل خەت، ھەممىسى ئېلان، ئوتتۇرىسىدىلا كىنو. كېيىن بۇنىمۇ ئۆزگەرتىپ ئوتتۇرىسىدا ئېلان، تۆت بۇلۇڭدا كىنو بەرسە «قانداق كۆرەرمەن» دەپ شۇنىڭغا بېشىم قېتىپ كەتتى، جېنىم ئۇكام.

B: قارىغاندا ئېلاندىن بەك زېرىكىپ كېتىپسىز - دە؟ ئۇنداق بولسا ئېلان بەرگەن چاغدا تېلېۋىزورنى كۆرمىسىڭىزلا بولىدىكەنغۇ؟

A: ھەي ئۇكام، كۆرمەي دېسىمۇ ئادەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالىدىكەن. قاچانلا قارىسىڭىز ئاياللار كېسىلى بىلەن ئەرلەر كېسەللىرىنى سۆزلەۋەرگەن. ئۇنى ئاز دەپ ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمىنى تولا ماختاپ... نەدىن تاپقاندۇ بۇ يالىڭاچ شۇ خوتۇنلارنى، ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ.





B: ئۇنداق بولسا، ئاشۇ يالىڭاچ خوتۇنلار چىققان چاغدا تېلېۋىزورغا قارىماي ئولتۇرۇۋالسىڭىز بولمامدىمۇ؟

A: ھەي ئۇكام، سىز گەپ چۈشەنمەمسىز؟ بىزغۇ بىر قېتىملا قاراپ، قارىماي ئولتۇرىدىكەنمىز، لېكىن يېنىمىزدا ئولتۇرغان بالىچاقىلىرىمىز تۈشۈكتەك قاراپ ئولتۇرۇپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ يا ئاتا - ئانا، بالىچاقا، خوتۇن - قىزلىرىمىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۆرگىلى بولمىسا، شۇنداق كۆرۈپ ئولتۇرساق ھېلىقىدەك ھەلەق يېرى چىققاندىن كېيىن يۈزىمىزنى تۇتۇپلا يالغانلاردىن ھاجەتخانىغا يۈگۈرەيدىغان گەپ.

B: ئۇنداق بولسا بىر كىنو تۈگىگۈچە يالغاندىن ئون - يىگىرمە قېتىم ھاجەتكە چىقىمەن دەڭە!

A: نەق گەپنى قىلدىڭىز، ئۇكام. بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ جىق جۇما. ھە، راست، بىر كۈنى ھاجەتخانىدىن كىرسەم بەش ياشقا كىرگەن كىچىك ئوغلۇم نېمە دەيدۇ دەيسىز؟

B: نېمە دەيدۇ؟

A: دادا، ھاجەتخانىدىن كىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز، قارىغاندا سىزمۇ تېلېۋىزوردا ئېلان قىلغان ھېلىقى... نېمە؟ ھېلىقى چەنپىشەن① دەمدۇ، مەرەز بېزى دەمدۇ...

B: «مەزى بېزى» دەڭ.

A: ھەئە، شۇ بېزى بولۇپ قالغان ئوخشايسىز دەيدۇ. دېمەك، ئاشۇ كىچىك بالىنىڭمۇ (چېكىسىنى نوقۇپ رەنجىگەندەك)... ئۇكام...!

B: توغرا، توغرا. ئۇنداق بولسا تېلېۋىزورنى ئىككى قىلىۋالسىڭىز بولغۇدەك.

A: (تېرىكىپ) ماۋۇ بالا نېمە دەيدىغاندۇ، ئۇكام، بۇ تېلېۋىزورنى ئىككى قىلىۋالسام ھېلىقىدەك ھەلەق يېرى چىققاندا قانال يۆتكەيدىغان ئادەم يوق، بالىلىرىمغا تازا پۇرسەت بولۇپ بېرەر؟!

① چەنپىشەن — خەنزۇچە «مەزى بېزى يەللىكى» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

B: بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، ئەمىسە قانداق قىلسىڭىز بولار؟

A: قاچانلا قارىسا، ھېلىقى جىنسىي كېسەل ئېلانلىرى بىلەن ئاياللارنىڭ بەدەنلىرىنى جۇاڭشىيۇ[1] قىلىپ ئۆزگەرتىدىغان ئېلانلىرىنى كۆرۈۋېرىپ مۇشۇ كوچىغا چىقسا پۈتۈن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاجىز، ئاياللارنىڭ ھەممىسى ساختىدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى جۇما. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئېلانلارنى كۆرۈۋەرسە ئادەم ئۆزىدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، ئۇكام.

B: راست دەيسىز. تېلېۋىزوردىكى بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر باللىرىمىزغىمۇ ناھايىتى قاتتىق سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

A: راست گەپ قىلدىڭىز. بۇرۇن باللىرىمىزنى «بالام، سەنمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، تويۇڭنى قىلىپ قويساق بولاتتى» دېسەك، ۋىلىلدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالاتتى. ھازىرچۇ؟ ھازىر «بالام، سېنىڭ تويۇڭنى...» دەپ بولغۇچە، «دادا، قايسى رېستوراندا قىلىمىز» دەيدىغان بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

B: راست دېدىڭىز، ھازىر باللىرىمىز چەتنىڭ بىر قىسىم كىنولىرىنى كۆرۈۋېرىپ شەرم - ھايا دېگەن نېمە قالمىدى.

A: (B نىڭ دولىسىنى ئۇرۇپ) جىك گەپ قىلدىڭىز، ئۇكام. ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭىز. بۇرۇن، قاراڭ، بىزنىڭ قىز - چوكانلىرىمىز ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلاتتى. ھازىرچۇ؟ بەزى قىزلىرىمىز بىردەملىك ھېسسىيات ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى قۇربان قىلىۋاتىدۇ دەيمەن. شۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تېلېۋىزورنىڭ پايدىسى بولار، ئۇكام؟

B: ماڭا قاراڭ، ئاكا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كىنو - تېلېۋىزورغىلا ئارتىپ قويساق توغرا بولماس. ھازىر جەمئىيەتتە ياخشى ئىشلار ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ

---

① جۇاڭشىيۇ — «بېزەش» دېگەن مەنىدە.





ناچار ئىشلارمۇ بىزگە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە سىڭىۋاتىدۇ.

A: ھەي ئۇكام، ناچىرى بەكرەك سىڭىدىكەن دەيمەن.

B: شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مېغىزىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋەتسەكلا بولمامدىمۇ؟

A: ئەمدى... بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، ئۇكام. لېكىن ماۋۇ ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، «ئەر كىشىنى يولۋاستەك قىلىۋېتىدۇ، پىلدەك قىلىۋېتىدۇ، ئىتتەك قىلىۋېتىدۇ» دەيدىغان بەزى گەپ - سۆز، كۆرۈنۈشلەرنى سەل سىلىقلاپ، يېپىپىراق دېسىمۇ بولاتتىغۇ؟ نېمە قىلىدۇ ئادەمنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، پارچىلاپ، تىيلا قىلىپ[1] چۈشەندۈرىدۇ تېخى.

B: ماڭا قاراڭ، ئاكا، شۇ خىلدىكى كېسەل بولۇپ قالغانلارغا ئاشۇنداق ئېنىق چۈشەندۈرمىسە، ئاۋۇلار خىجىل بولغانىنىڭ ئۈستىگە شۇ دوختۇرخانىنى تېپىپ بارالمايدۇ ئەمەسما؟

A: ھەي ئۇكام، ھەممە ئادەم شۇ خىلدىكى كېسەلمۇ؟ سىلى شۇنداق كېسەلمۇ؟

B: ياق.

A: دېمەك، شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنى تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىپ يۈرمەي، شۇ خىلدىكى كېسەل بولغانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇلىقىغا «مۇنداق - مۇنداق» دەپلا قويسا تۈگىمەمدىمۇ؟ نېمە قىلىدۇ ھەممە يەرگە سازايى قىلىپ.

B: ھەي ئاكا، ماۋۇ تېلېۋىزورىڭىز ساقمۇ، زادى بۇزۇقمۇ؟ شۇنى بىر دەڭە!

A: بۇزۇق، ئۇكام، بۇزۇق! ماۋۇ تېلېۋىزورنى ياكى ئىچىنى ئېچىپ ھېلىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنى چىقمايدىغان قىلىپ قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ تەڭشەپ بېرىڭ، بولمىسا ئاشۇلارغا ئاپىرىپلا بېرىڭە، ئاشۇلار ئۆزلىرى كۆرۈۋالسۇن، بىر قۇتۇلۇپ كېتەي مۇشۇنداق تېلېۋىزوردىن.

B: نەگە ئاپىرىپ بېرىمەن؟

---

① تىيلا قىلىش — «گۆش بىلەن سۆڭەكنى ئايرىش» دېگەن مەنىدە.

A: ھېلىقى قېلىن دۇرىسىنى ماختاپ ساتىدىغان دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بېرىڭە، ئۇكام. ئاشۇلارمۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئېلانلىرىنى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ بىر كۆرۈپ باقسۇن. قانداق بولىدىكىن!

B: ئۇلارغا ئاپىرىپ بەرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ قارىغاندا، بۇ تېلېۋىزورۇدىن بەك زېرىككەن ئوخشايسىز ـ ھە؟

A: راست، بەك زېرىكتىم.

B: ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى، بۇ تېلېۋىزورنى ماڭا بېرىۋېتىڭ، مەن ئاپىرىپ چۇۋۇپ سايمانلىرىنى ئىشلىتىپلىۋېتەي.

A: ئاشۇنداق قىلىڭە، جېنىم ئۇكام، مېنى مۇشۇ غەمدىن بىر خالاس قىلىڭە. ئىچىدىكى سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىڭە. ھە، راست، قېپى ماڭا قېلىپ قالسۇن. ئەمدى خەق ئۆيدە تېلېۋىزورى يوقكەن، دەپ قالمىسۇن. ماڭا قېپىنى قۇراشتۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولدى، يۇرۇڭە!

B: ماقۇل، ماقۇل.

A: (مېڭىپ بولۇپ توختاپ) ئۇكام، يېقىندا ھېلىقى ھىندىستاننىڭ بىر فىلىمىنى باشلىدى ـ ھە؟ ھېلىقى نۇراجى دەمدۇ، مىراجى[1] دەمدۇ.

B: ھەئە.

A: خېلى يامان ئەمەس كىنو ئىكەندۇق. شۇنى كۆرۈپ بولۇپلا تۈگىگەندىن كېيىن سىزگە «گاچچىدە» تېلېفون ئۇرساملا كېلىپ ئەكىتەمسىز ـ يا؟

B: ھە، ماقۇل، ئەمىسە شۇ كۈنى تۈگىسىلا ماڭا تېلېفون قىلىڭ، مەن كېلىپ ئەكىتەي.

A: ئەستاغپۇرۇللا... ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا ھەقچان كورىيەنىڭ

① مىراجى ــ ھىندىستاننىڭ «ھەسرەتلىك مۇھەببەت» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئەر باش پېرسوناژنىڭ ئىسمى.





ھېلىقى كىنوسىنى باشلايدۇ. ھېلىقى كۆرەۋەرسەم[1] دەيدىغان. ئۇنىڭغا خوتۇن ـ بالىلىرىم بەك ئامراق ئىدى. بولمىسا، بىرنەچچە كۈن قاراپ باقامدۇق ـ يا؟ مۇنداق قىلايلى، بولمىسا، مۇشۇ تېلېۋىزورۇمنىڭ باشقا يەرلىرىدە كېسەل بولسا ئوڭشاپ بېرىپ ماڭامسىز ـ يا؟

B: قارىغاندا بۇ كېسەل تېلېۋىزوردا ئەمەسكەن. بۇ كېسەل ئۆزىڭىزدە ئىكەن. سىزنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە زىيادە سېزىمچانلىقىڭىز ئېشىپ كېتىپتۇ، بولدى، مەن كەتتىم. (چىقىپ كېتىدۇ)

A: كېسەل ئۆزىڭىزدە ئىكەن؟ زىيادە سېزىمچانلىقىڭىز ئېشىپ كېتىپتۇ دەيدۇ ـ يا؟ بۇ قانداق كېسەل بولغىيتتى ئەمدى؟ ھە، توغرا، كىرىپ تېلېۋىزورغا بىر قاراپ باقايچۇ، مۇشۇ كېسەلگە قارىتا دورىنىڭ گېپى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. دوختۇرخانىغا بېرىپ يۈرگۈچە دورىسىنى تېلېۋىزوردىنلا تاپاي. (ئۆيگە مېڭىپ بولۇپ، ئۆيگە قاراپ ۋارقىراپ) ھەي بالا، ئاۋۇ تېلېۋىزورنى ئۆچۈر! قانال يۆتكە! قانالنى يۆتكە، خۇش بولۇپ كېتەي! (تېرىكىپ) نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ... ئايالىمنى چىرايلىق قىلدى، خوتۇنۇمنى گۈزەللەشتۇردى. (شۇ دەۋردە تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ تېلېۋىزىيە ئېلانىنىڭ ناخشىسى) دەپ نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ قونچاق ئاداش، ئايالىمنى چىرايلىق قىلدى، گۈزەللەشتۇردى دەپ ئايالىنى ئەرگە بېرەمتىكى؟ ھەي جېنىم بالام! ئاۋۇ تېلېۋىزورنى... ئەستاغپۇرۇللا، يەنە بىرسى چىقتىغۇ ئەمدى. ئانچە سانتىمېتىر، مۇنچە سانتىمېتىر، سېسىق پۇراق، غەيرىي پۇراق دەپ، ھەي بالام، ئاۋۇ ئىشىك ـ دېرىزە، تۈڭلۈكنى ئېچىۋەت، ماۋۇ سېسىق پۇراق تالاغا چىقىپ كەتسۇن!

① كۆرەۋەرسەم ــ «يەنە بىر كۆرسەم» فىلىمىنى دېمەكچى.

# ئەسكى تۇماققا سېسىق كاللا خېرىدار

**قاتناشقۇچىلار:**

A: ئەكبەر، ئويۇن قويۇش شىركىتىنىڭ ئارتىسى.

B: ئويۇن قويۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى.

C: ياقۇپ، ئويۇن قويۇش شىركىتىنىڭ ئارتىسى.

**ۋاقىت:** ياز.

**ئورۇن:** دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسى ياكى ئارام ئېلىش ئۆيى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئۈچ كىشىلىك سافا.

(B بىلەن C پاراڭلىشىپ سەھنىگە چىقىدۇ)

C: قاراڭ، شىركىتىمىزدە ئويۇن قويۇش پۇرسىتى ناھايىتى كۆپ، مېنىڭچە، بۇ قېتىم يېتەكچى بولۇپ ئەكبەر چىقسۇنمىكىن دەيمەن، ماڭا بۇنداق پۇرسەت يەنە كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

B: بىز رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر مۇزاكىرىلىشىپ سىزنى بېكىتىپ بولغان تۇرساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەكبەرنى مەن تازا دۇرۇس كۆرمىدىمغۇ، ئۇ چىقسا بولماسمىكىن.

C: ياق، سىز ئۇنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولغىنى بىلەن كۆڭلى ناھايىتى ياخشى، ھەم تالانتلىق، ھەم ئىقتىدارلىق. مېنىڭچە، بۇ قېتىم ئەكبەرنىڭ چىققىنى ياخشى.

B: بولمايدۇ، بولمايدۇ. ئۇ چىقسا بولمايدۇ. مەن بولمايدۇ دېگەندىكىن بولمايدۇ. سىز گېپىمىزنى ئاڭلاڭ! سىزنى بېكىتىپ بولغاندىكىن چوقۇم سىز چىقىشىڭىز كېرەك.

C: مېنى خىجىل قىلماڭ دەيمەن. ۋوي، قاراڭ، ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى، ئەسسالامۇئەلەيكۇم. (قولىنى تەڭلەيدۇ) ئەكبەرجان





قانداقراق...

A: ئەسسالامۇئەلەيكۇم (C بىلەن كۆرۈشمەي يانداپ ئۆتۈپ B بىلەن كۆرۈشىدۇ) يائاللا، دىرېكتور، بۇ 100 كويلۇق پۇلنىڭ كونىسىدەك ئەجەب يوقاپ كەتتىڭىز دەيمەن. (C غا قارىماستىن ئېتىبارسىز قول بېرىپ) قانداق، ئاداش؟ (دىرېكتورغا) ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

B: ياخشى، ياخشى.

A: ئۇزۇن بوپتۇ... مەنمۇ كەلمىگەندىكىن ئىككى - ئۈچ كۈندىن بۇيان كۆرمەي سىلىنى.

C: سىلەر پاراڭلىشىۋېرىڭلار، مەن ئىشخانىغا بېرىۋېرەي - ھە؟ ماقۇل ئەمىسە.

B: ھە، بېرىۋېرىڭ، بېرىڭ، بېرىڭ... (C چىقىپ كېتىدۇ. A ئۇنىڭ كەينىدىن ئالىيىپ قاراپ تۇرىدۇ)

B: كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ. (A يەنە داۋاملىق شۇ تەرەپكە قارايدۇ) ھازىر تېخى ياقۇپ سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

A: غەيۋىتىمنى قىلىپ بەرگەندۇ ھەقچان ئۇ؟

B: ياق، ياخشى گېپىڭىزنى قىلىۋاتاتتى.

A: ياق، ياق. سىز ماۋۇ ئىدارىگە يېڭى كەلدىڭىز. چۈشەنمەيسىز دەيمەن. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغان بالا ئەمەس ئاۋۇ. سىزنى نېمە دەيدىكىن دەپ، مېنى ماختىغان بولۇپ سىزدىن گەپ ئېلىپ باقىمەن دېگەن گەپ. ئاۋۇ بارغۇ قاراڭ، شەيتانغا نوختا سالىدىغان، ئۆلۈك ئېشەككە قىغ ئارتىدىغان بالا دەيمەن... ساختىپەز.

B: سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. بىز چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق.

A: ھە، دىرېكتور، گەپ دەل مۇشۇ يەردە. ئۇ بارغۇ مۇشۇ قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ قويىدىغان ئويۇنغا مەيلى قاتناشسۇن - قاتناشمىسۇن، ئىشقىلىپ، سىزنى تىللاپ سېسىتىۋېتىدۇ جۇما ئاۋۇ. يىلاننىڭ تېشى سىلىق بولغان بىلەن، ئىچى زەھەر دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ توخۇنى كۆرسە «تاخ» دېمەيدىغان،

سىزنى بىرسى ئەسكى دېسە «ياق» دېمەيدىغان نېمە جوما ئاۋۇ.

B: ئۇنچىۋالامۇ دەپ كەتمەڭ ئەمدى...

A: ئەستاغپۇرۇللا، مەن ئەر كىشى قاراڭ، بىر ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى ئەزەلدىن قىلمايمەن جوما.

B: ئەمىسە، بايا دېگەنلىرىڭىز...

A: ياق، ئۇ گەپلەرنى سىز غەيۋەت دەپ ئويلاپ قالماڭ، بۇ غەيۋەت ئەمەس، ئۇنىڭ سۈپىتى.

B: ئىشقىلىپ، ئادەم غەيۋەت ـ شىكايەتتىن نېرى تۇرۇشى كېرەك. قايسىبىر كىتابتا: «غەيۋەت قىلىشتىن يىراق تۇرۇڭلار، غەيۋەت زىنادىن يامان» دېيىلىپتىكەن.

A: ناھايىتى توغرا دەپتىكەن جوما! بۇرۇن قاراڭ، غەيۋەت ـ شىكايەتنى ئاياللار قىلاتتى. ھازىر بۇ غەيۋەت ـ شىكايەتنى بەزى ئەرلىرىمىز ئاياللاردىن كۆتۈرە ئېلىۋالدى دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خۇددى ئىشى يوقتەك تورغا چىقىپ غەيۋەت قىلىدىغان بولۇۋالدى دەيمەن. مۇشۇ جاھاندا غەيۋەت قىلمايدىغاندىن سىز بىلەن مەن قالغان ئوخشايمەن دەيمەن جوما.

B: لېكىن، بۇ ياقۇپمۇ غەيۋەت قىلىدىغان ئادەمدەك قىلمايدىغۇ؟

A: تازا قىلىدىغىنىدىن! غەيۋەتكە نان چىلاپ ئىچىدىغىنىدىن ئاۋۇ! ھە، راست، ئوبدان بىر ئويلاپ بېقىڭ ـ ھە! كىچىك ۋاقىتلىرىڭىزدا مۇشۇ بېشىڭىزغا، بەلكىم چوڭ بولغاندا چىققان بولۇشى مۇمكىندۇ ئەمدى... ئىشقىلىپ، بېشىڭىزنىڭ تۆت ـ بەش يېرىگە چاقا ـ يارا چىققان يەر بارمىتى؟

B: (سەل ئوڭايسىزلىنىپ) راست... ھەئە، ھە، نېمە بولدى؟

A: ياۋ... شۇڭا دەپتىكەندە ئاۋۇ...

B: نېمە دەپتۇ؟

A: سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا ئۈچ ـ تۆت تال چىۋىن كىرىۋاپتىكەن، ئاۋۇ تازىلىقچى ئايال چىۋىننى قوغلاۋاتسا نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟

B: ھە، نېمە دەپتۇ؟





A: «ئۆردەك بىلەن غاز ئوينايدۇ، چىۋىن بىلەن تاز» دەپتۇ. تاز دېگىنى كىم بىلەمسىز؟

B: (كۈلۈپ) ھەي، بۇ چاقچاق قىلىپ دېگەن گەپ.

A: ئەستاغپۇرۇللا، چاقچاق ئەمەس، نېمانداق چۈشەنمەيدىغانسىز. مەن سىزدىن بىر خۇش بولۇپ قالاي، ئاشۇ بار يەردە بولسىمۇ مۇشۇ شىلەپىڭىزنى ئېگىزرەك كىيىپ يۈرۈڭە، گەپ تېپىپ يۈرمىسۇن يەنە ئاۋۇ.

B: نېمە دەپ گەپ تاپار؟

A: نېمە دەپ گەپ تاپاتتى؟ «شاپاق يەرگە چۈشسە يازغا تەۋە، شىلەپە گەدەنگە چۈشسە تازغا» دەمدىكىن دەيمەن ئاۋۇنى.

B: بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. ئۇنچىلىك چاقچاق گەپلەر دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ناۋادا ئۇ شۇنداق گەپ تاپسا سىز قاراپ تۇرارسىزمۇ؟

A: ئەگەر ئۇ سىزنى بىرنەرسە دەپ قالسا يەتتە مېتىر نېرىدا تۇرۇپ قېنىمنى چاچىمەن ئۇنىڭغا، سىزنى ئۇنداق ـ مۇنداق دەپ قالسا مەنمۇ دەيمەن.

B: نېمە دەيسىز؟

A: قوناق تاپساڭ غازغا بەر، قىزىڭ چوڭ بولسا تازغا دەپ. (تاز دەپ بولۇپ ئوڭايسىزلىنىپ ھىجىيىپ قويىدۇ)

B: بولدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى...

A: ئىشقىلىپ، مەن سىزگە دېسەم قاراڭ، سىز بۇ ئويۇن قويۇش شىركىتىمىزگە يېڭىدىن كەلدىڭىز ئەمەسمۇ؟ سىز بەزى ئادەملەرنى چۈشەنمەيسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا ئانچە ـ مۇنچە كىرىپ ـ چىقسام گەپ تېپىپتۇ دەيمەن.

B: (سەل تېرىكىپ) نېمە دەپ گەپ تېپىپتۇ؟

A: «يېڭنە قاياققا ماڭسا، يىپ شۇ ياققا ماڭىدۇ» دەپتۇ. سىزنى يىڭنىگە، مېنى يىپقا ئوخشىتىپتۇ. مېنى يىپقا ئوخشاتقىنى مېنى پىت ئۈچەي دېگىنى ئاۋۇ. مېنىڭغۇ نېمە دېسە دېسۇن، سىزنى نېمە دەپ يىڭنىگە ئوخشىتىدۇ ئۇ؟

B: (كۇلۇپ) يىڭنىگە ئوخشاتسا نېمە بوپتۇ؟

A: قاراڭ سىزنى، يىڭنىگە ئوخشاتقىنى «باشقىلارنى كولايدۇ» دېگەن گەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىڭنە دېگەننىڭ بېشى تۆشۈك، دېمەك ئۇ سىزنى كاللىسى قۇرۇق، ھېچنېمىگە ئىشلىمەيدۇ، دۆت، قاپاق باش دېگىنى ئەمەسما؟

B: ئەستاغپۇرۇللا... بولدى، ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى. سىز مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كىرگەنمۇ؟

A: ھە... ياق. مەنمۇ باشقا ئىش بىلەن كەلمىگەن، ئەمدى سىز يېڭى كەلگەن بولغاندىكىن بەزى ئادەملەرنى چۈشەنمەيسىز. ھېلىقى چەت ئەلگە ئويۇن قويغىلى چىقىدىغان ئىشقا كىم ـ كىملەر چىقىدۇ، شۇنى بىر سوراپ باقاي دېگەن. مېنىڭمۇ سىز ئورۇنلاشتۇرمىسىڭىز ئۇ يەرگە چىققىمىمۇ يوق.

B: ئەسلىي چەت ئەلگە چىقىدىغان سان يىگىرمە، لېكىن بۇ قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ چىققۇسى بار.

A: تووۋا! «قۇيغان ياغ تۆت سەر، پۇرايدىغان ئەرۋاھ ئوتتۇز» دېگەندەك گەپ بوپتۇ ـ دە.

B: بىز ھازىر مۇزاكىرىلىشىپ ئون نەچچە ئادەمنى مۇقىم بېكىتىپ بولدۇق.

A: كىم ـ كىم چىقىدىغان بولدى؟

B: ھە... ناخشىچى بارات.

A: بارات؟ ئاۋۇ بولمايتتى، قاراڭ ئاۋۇ بارغۇ، چاي دەملەيدىغان چەينىكى يوق چايداننىڭ چېيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان نېمە ئاۋۇ! چەت ئەلگە ياراشمايدۇ ئۇ.

B: ئۇنداق بولسا تەمبۇرچى قاسىمچۇ؟

A: قاسىم؟ مېنىڭمۇ ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئەزەلدىن بىر ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايمەن قاراڭ، بولماسىمىكىن ئاۋۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ چالغىنىنى تەمبۇر دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ ئەڭ ياخشىسى چەت ئەلگە چىقىپ تەمبۇر چالىمەن دېگۈچە ئۆيىگە بېرىپ ئۇمىچىنى چالسىنا ئۇ.

B: ئەمىسە سۇنايچى رەھىمچۇ؟





A: ئاۋۇ دارازىما؟ ئەستاغپۇرۇللا... «ئاپتاپپەرەستىن چىگىت چىقمايدۇ، ئېگىز ئادەمدىن يىگىت چىقمايدۇ» دەپ ئۇنى چەت ئەلگە ئاچىققىلى بولمايدۇ دەيمەن. ئۇ سۇناينى تولا پۇۋلەپ ئاشقازىنى يوغىناپ كەتكەن نېمە ئۇ! چەت ئەلگە چىقسا دوزاخنىڭ ئوتى بولسىمۇ بىكارغا بەرسىلا يەۋالىدۇ جۇمۇ ئاۋۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇناينى ئالدى ـ كەينىدە تەڭ پۇۋلەيدىغان ئادەمنى سۇنايچى دېگىلى بولامدۇ؟

B: ئۇسسۇلچى ناسىرچۇ ئەمىسە؟

A: ناسىرغۇ ئەمدى... دابازا[1] نىڭ تۆگىسىدىنمۇ ياۋاش بىر بالا، نەگە دېسىڭىز شۇ يەرگە مېڭىۋېرىدىغان. لېكىن شۇ ئايالى «مەنمۇ چەتكە بىللە چىقىمەن» دەپ بېشىڭىزنى ئاغرىتارمىكىن.

B: «خانغا يارىغان ئېشىم تازغا يارىماپتۇ» دەپ باشقىلارغا يارىغان نەرسە ئەجەب بىر كەسپتىكى ئادەملەرگە يارىمايدۇ ـ ھە؟ شۇڭا بىزدە بىرلىك يوق. ھېلى ئۇنى تىللاپ، ھېلى بۇنى تىللاپ... ياكى ئۆزىمىز بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالماي، خەق قىلسا ياراتماي، بولار يېرىمىز مۇشۇ. ئۆمۈچۈك ئۆمىلەيدۇ، ئۆمىلىگەننى كۆرەلمەيدۇ، ھەقنى سىز دەپ بېقىڭە. سىزنىڭچە چەت ئەلگە كىم چىقسا بولار؟

A: مېنىڭچە بولغاندا، بىرىنچىسىگە سىز چىقىسىز، سىزنىڭ چىقىشىڭىز مۇقەررەر. بۇ ۋاجىپ! ئىككىنچىسىگە ئايالىڭىز چىقىشى كېرەك، چىقمىسا بولمايدۇ.

B: ھوي، ئايالىممۇ چىقامدۇ؟ يا ئۇ بۇ كەسپتە بولمىسا.

A: ئاۋۇ چەت ئەلنىڭ زۇڭتۇڭلىرىمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بارسا خوتۇنلىرىنى قولتۇقلاپ چىقىدىكەنغۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ دەيمەن. ئۈچىنچى، تۆتىنچىسىگە مېنىڭچە بولغاندا ئىككى بالىڭىز چىقسۇن.

① دابازا ــ ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرىنى دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

B: ۋاي ـ ۋاي، بۇ ئىشقا باللىرىمنى سۆرەپ نېمە ئىش قىلىمەن؟

A: سان يىگىرمە بولغاندىكىن، بالا باققۇچىنى ئېلىۋالساقلا بولمىدىمۇ؟

B: ھەي، بىز چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقمايمىز، ئويۇن قويغىلى چىقىمىز. شۇڭا باياتىن ياقۇپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ «سىز بىللە چىقىڭ» دېسەم، ئۇ «ئەكبەر چىقسۇن» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

A: ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنىڭ دېگىنىگە مەن بىر يەرگە چىقمايمەن سىز ئورۇنلاشتۇرمىسىڭىز. ئۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ. سىز ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ. زەھەر نېمە ئاۋۇ.

B: ھەي، ماڭا تەرجىمان كېتمەيدۇ. كىم ياخشى، كىم يامان بۇنى بىلگۈچىلىكىم بار. سىزچۇ بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭە. ھەممە گەپنى ئۆزىڭىز قىلىپ، خەقتىن قۇسۇر تېپىپلا يۈرىدىغان ئادەمكەنسىز.

A: ئەستاغپۇرۇللا... سىز مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەپسىز ـ ھە؟ ئىشقىلىپ، مەن سىزگە پاكىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمىسەم ئىشەنمەيدىغان ئوخشايسىز. قارىغا كېتىدىغان ئوخشايمەن مەن.

B: ھەي، بىر ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ يۈزدەيۈز ئەسكى دېگىلى بولمايدۇ.

A: ياق، ئەسكى دەيمەن ئاۋۇنى.

B: توخۇنىڭ پوقى بولغان بىلەن توخۇمىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

A: ئاۋۇ توخۇنىڭ پوق يەيدىغان خۇيىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

C: دىرېكتور، تېلېفونىڭىز توختاپ كېتىپتىكەن، بىرسى سىزنى ئىزدەپ ئىشخانامغا تېلېفون قىپتۇ.

B: ۋوي، ئاللا... پۇلى تۈگەپتۇ ـ دە. (ماڭىدۇ)

A: مەن قاچىلىۋېتىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن...



B: ھە، بولدى. (چىقىپ كېتىدۇ)

A: ھە، كېلە، ئاداش، ئولتۇرە، ئولتۇرە. باياتىن بېرى دىرېكتورغا سېنى ماختاپ ئېغىزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتتى جۇما، ئاداش. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىرېكتور نېمە دەيدۇ دېسەڭ، «چەت ئەلگە سىز باش بولۇپ چىقىڭ» دەپ مېنى دەيدۇ، مەن ئۇنىمىدىم. ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى يېقىن. مەن سېنى چىقسۇن دېدىم. سەن چىقە، ئاداش، مەن ئۇنىمىدىم ئۇنىڭغا.

C: باياتىن دىرېكتور مېنى باش بولۇپ چىقىڭ دېگەن، مەن «بۇ قېتىم مەن تۇرۇپ تۇراي، ماڭا كېيىن يەنە پۇرسەت بار» دەپ سېنى كۆرسەتكەنىدىم. ئەڭ ياخشىسى سەن چىقە.

A: ئەمدى ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى يېقىن، بەزى ئىشلارغا سەل دىققەت قىلايلى جۇما.

C: مەسىلەن...

A: بەزىلەر دىرېكتورغا سېنى چېقىپتۇ دەيمەن. مەن ھەيران قالدىم شۇ... دىرېكتوردىن سورىسام دەپ بەرمىدى، كىمنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلغانلىقىنى، ئەگەر سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلغان ئادەمنى بىلىپ قالسام ئاغزىنى يىرتىۋېتەتتىم. باشقا ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلسىمۇ قىلسۇن، لېكىن سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلغان ئادەمنىڭ ئېغىزىغا چاقا چىقىپ قالمامدۇ، جېنىم ئاداش؟

C: مەيلى، ئۆزىنىڭ ئىشى.

A: ئەمەس... ھە، راست، راست، بىزنىڭ بالىلار ئوينىغان بىر ئېتۇت بار ئىدى ـ ھە؟

C: ھە، ئۆتكەندە تەييارلىغان ئېتۇتمۇ؟

A: ھە، ھە، ئاخشام سۆزىنى رەتلەپ يېزىپ قوياي دېگەن قارا، لېكىن بىر ئابزاس يېرى پەقەتلا ئېسىمگە كەلمىدى، ئېسىڭدە بولسا شۇنى بىر دەپ بەرگەن بولساڭ ئوبدان بىر ئاڭلىۋېلىپ، كەچتە بىر يېزىۋالغان بولسام بوپتىكەن.

C: قايسى يېرىنى دەيدىغانسەن؟

A: ۋاي، ھېلىقى باشلىقتا ۋارقىرايدىغان بىر يېرى بارتىغۇ؟

C: هە! هېلىقى «ئۇ باشلىق بولسا ئۆزىگە» دېگەن يېرىمۇ ـ يە؟

A: هە.

C: شۇنى دەپ بېرەمدىمەن؟ هە، ماقۇل.

A: ئورنۇڭدىن تۇرۇپ دېمەمسەن؟ ئولتۇرۇپ دېسەڭ مەن تازا ئوبدان بىلەلمەيدىكەنمەن.

C: ئاداش، بۇ سەھنە بولمىسا...

A: (زورلاپ تۇرغۇزۇپ) هە، هە... دېگىنە.

C: هە! سەھنىدە رول ئېلىۋاتقاندەك ئوبرازلىق...

A: هە، جانلىق، ئوبرازلىق بىر دېگىنە.

C: هە، ماقۇل. ئىككىمىز هازىر بىكار بولغاندىكىن... باشلايما؟ (باشلايدۇ) هەي!

A: توختاپ تۇر! (ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئەتراپقا بىرسىنى ساقلاۋاتقاندەك قاراپ قويۇپ) توختاپ تۇر... هە، مەن بېشىدىن ئويلاپ بىر قۇراشتۇرۇۋالاي. (قەستەن ۋاقىتنى سوزىدۇ) هە، ئەمدى باشلا!

C: (ۋارقىراپ) هەي! ئۇ باشلىق بولسا ئۆزىگە! نېمىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ ئۇ؟ (B سەھنىگە چىقىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرىدۇ) ئۆتتە ئالەم ماۋۇ. ئۇچۇ مەن باشلىق دەپ تولا كۆرەڭلىمىسۇن! بىر كۈنلەردە مەن باشلىق بولۇپ قالسام ئۇنىڭ تېخى كۆرىدىغان كۈنى بار. ماۋۇ ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ. راست دەپتىكەن دەيسەن، هامان بىر كۈنى ئالدىمدا ئۆمىلىتىۋېتىمەن!... (ياندا تۇرغان باشلىقنى كۆرۈپ توختاپ قالىدۇ)

A: (دەرهاللا ئۆزگىرىپ باشلىق تەرەپكە ئۆتۈپ) بولدى... بولدى... ئەمدى باشلىق سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆمىلەيدىغان سېنىڭ بىر بوۋاق بالاڭ بولغىيتتى؟! هەي، سەن بۇ باشلىقنى ئۆمىلىتىمەن دەپ كەتتىڭ. باشلىق سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتى؟ (دىرېكتورغا) سىلىنى ئۆمىلىتىمەن دەيدۇ ـ يا؟

B: هازىرلا ئۆمىلەپ بېرەيمۇ ـ يا؟





C: خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز. مېنىڭ سىزنى تىللاش نىيىتىم يوق.

A: تىللاش نىيىتىڭ بولمىسا ئۇرۇش نىيىتىڭ بارمىتى؟ قاراڭ ماۋۇنىڭ گېپىنى...

C: ماۋۇ ئاداشنى... هەي، سەن قاراپ تۇرۇپ مېنى ئوتقا ئىتتىرىۋاتىسەنغۇ؟

A: سەن باشتا مېنى پوقىقا ئىتتەرسەڭ بولىدىكەن، مەن سېنى ئوتقا ئىتتەرسەم بولمامدىكەن؟

B: بولدى قىلىڭ. مەن سىزنى خېلى دۇرۇس ئادەم، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئىست، ئىست... ئەكبەرنىڭ پوقىنى دورىسىڭىزچۇ؟

C: نېمە؟ ۋوي... مەن ئەكبەرنى دورامدىم؟ «تاز چىۋىننى قوندۇرماس، چىۋىن تازنى تىندۇرماس» دەپ.

B: (ۋارقىراپ) بولدى! سىزنى ئىشتىن توختاتتىم، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كەلمەڭ! ئەكبەر، سىز هازىردىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭ.

A: خاتىرجەم بولۇڭ، گۈل چىقىرىۋېتىمەن مەن.

B: هە، راست! چەت ئەلگە چىقىدىغان ئادەملەرنىمۇ سىز بېكىتىڭ.

A: خاتىرجەم بولۇڭ. كۆڭلىڭىزدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرىمەن. (C غا) هەي ئادىشەي! ئاۋۇ ئىشخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئەكىلە! (قول سوزىدۇ. C دىن ئاچقۇچىنى ئېلىپ B غا خۇشامەت بىلەن تەڭلەيدۇ)

B: سىز بىلىپ قويۇڭ، ئادەملەرنىڭ سىرتىغا قاراپ باها بەرگىلى بولمايدىكەن. تاس قاپتىمەن سىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغىلى.

A: مەنغۇ سىز ئۈچۈن قۇربان بولۇشقىمۇ تەييار. ئەمما مەن سىزدەك كەسكىن باشلىقنى كۆرمىگەن جۇما، سىزنىڭ پىچىقىڭىزنىڭ ئالدىمۇ، كەينىمۇ، سىپىمۇ كېسىدىكەن دەيمەن. كۆرگەنسىز، «ياغاچنىڭ كۆڭلى رەندىدە، چىۋىننىڭ

كۆڭلى گەندىدە»... قېنى خوش. (B غا يول باشلاپ خۇشامەت بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قېقىپ ماڭىدۇ)

B: بولدى، بولدى.

A: ياق، چىۋىنىنىڭ پوقى ئىكەن، مەن چىقىرىۋېتەي. (ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ)

C: تووۋا، تووۋا، «ئېشەك ئالدىغا ئوتتۇۋالسا ئاتنىڭ مېڭىشى بۇزۇلۇپتۇ» دېگەن مانا شۇ، تووۋا! تووۋا قىلدىم، تووۋا! مۇشۇ ئىنسانلار بەزى گۇناھلارنى ئۆز نەپسىنىڭ لەززىتى ئۈچۈن قىلىدۇ. لېكىن غەيۋەت قىلغۇچى باشقىلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت دېگەن ھەقىقەتەن توغرا گەپكەن. مەن ماۋۇ باشلىقنى خېلى غەرەز ئۇقىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن... «ئەسكى تۇماقىقا سېسىق كاللا خېرىدار» دېگەن شۇ ـ دە! بۇ ھەممە ياخشى ئىشنى ۋۇكۇڭ[①] قىلسا ماۋۇ تاڭسىڭغا[②] جۇ باجيې[③] يارىغىنى قىزىق ئىشتە!



① ، ② ، ③ «غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى.





# ئىستىقۇنىڭ كۆچى

**قاتناشقۇچىلار:**

A: داخان، ئاتمىش ياشلاردىكى ئەر.

B: قېرى يىگىت.

C: ياش قىز.

D: زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئەر.

**ۋاقىت:** پەسىل چەكلىمىسى يوق.

**ئورۇن:** مەلۇم مېھمانسارايىنىڭ ئىچكىرى ـ تاشقىرى خانىلىق ياتىقى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ئۈچ دانە ئورۇندۇق.

A: (تەسۋى سىيرىپ دۇرۇت ئوقۇغان ھالەتتە چىقىپ كېلىدۇ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ) سۇپ! سۇپ!... پىركامىللار قەسىمى، پىركامىللار قەسىمى... (چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى ئوقۇپ تەسۋى سىيرىيدۇ)

B: ئۆزلىرى ھەزرىتى ئىشان داموللا پىرىم بولامدىلا؟

A: خوش؟!

B: ئەسسالامۇئەلەيكۇم! (كېلىپ كۆرۈشىدۇ)

A: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ! كەلسىلە، ھە، خوش؟!

B: مەن سىلىنى...

A: ئامىن! قەدەم يەتتى بالا يەتمىسۇن، ھاجەتمەنلەر يېنىمدىن ھەرگىز كەتمىسۇن. ئامىن ئاللاھۇئەكبەر...! (دۇئادىن كېيىن) خوش؟!

B: ئۆزلىرىنى مۇشۇ ياتاققا چۈشۈپتۇ، نۇرغۇن ھاجەتمەنلەرنىڭ

ھاجىتىنى راۋا قىپتۇ، ئۇستا داخانكەن دەپ ئاڭلاپ...

A: داخان ئەمەس، دۇئاخان.

B: ھە، ئۇستا دۇئاخانكەن دەپ ئاڭلاپ، يانلىرىغا كەلگەن.

A: سىلىنىڭ ماڭا يولۇققانلىرى سىلىنىڭ بەخت ـ تەلەيلىرى! مانا مەن ئون يىل بۇرۇن قويۇندا قېلىپ جىن ئەپقاچقاندا ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم. ئون يىلدىن كېيىن جىنلىرىم مېنى ئەرشتىن پەرشكە ئېلىپ چۈشۈرۈپ قويغاندا مانا بوگۇنكىدەك پىركامىل بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنى ئەپقاچقانلار پاكىز، ياخشى جىنلاركەن. ئاشۇ جىنلىرىمنىڭ شاپائىتى بىلەن ھەرقايسىلىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىۋاتىمەن. مانا ھازىر مەن داۋالىيالمايدىغان ئاغرىق ـ كېسەل ياكى ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ يوق، مانا مەن ھازىر قىزىق كەتمەنگە دەسسەپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، ياڭاقنى مىدىرلىتىپ، ئۈچ دانە چوكىنى سۇنىڭ ئۇستىدە تىك تۇرغۇزۇپ ئوقۇپ نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالىدىم، ھە ئەمدى... خوش؟!

B: مېنىڭمۇ ئازراق ھاجىتىم بار ئىدى، شۇڭا سىلىنى ئىزدەپ كەلگەن.

A: سىلى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغانمۇ؟

B: ياق، مەنمۇ شۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولاي دەپ.

A: ھە ياخشى، ياخشى. ھە، خوتۇن ئېلىش خىيالىڭىز بارمۇ؟

B: ھە؟

A: خوتۇن!

B: بار. لېكىن مەن ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ مۇھەببىتى بار. شۇڭلاشقا ھەزرىتىم ئاشۇ قىز بالىنى ماڭا بىر قارىتىپ بەرسىلە، ئارقامدىن كېتەلمەس قىلىپ قويالىسىلا نەچچە پۇل كەتسە مەيلىتى، ھەزرىتىم.

A: ھە، بۇ ئاسان. پۇلنىڭ گېپىنى مەن ئۆزۈم يالغۇز بېكىتەلمەيمەن. نەچچە پۇل كېتىدىغانلىقىنى مەن جىنلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەرسە دەي ـ ھە؟





B: ماقۇل...

A: (يەنىلا دەسلەپكىدەك بىلگىلى بولمايدىغان سۆزلەر بىلەن دۇرۇت ئوقۇشقا باشلايدۇ) سۇپ، ھە، سۇپ! ھە، قايسىڭ كەلدىڭ؟ ماڭە ـ ماڭە سەن كېتە! ئاۋۇ سېمىز، سەن كېلە، دېگىنە! ھە... ھە... قانچە؟ ھە، ماقۇل، ھە، بولدى قايتىپ كېتىڭلار. كېتە ماڭ! (B غا قاراپ) جىنلىرىم دېدى، ئۇ ئاسانكەن. ئەمدى «كۆمۈر قانچە كۆپ بولسا مەشنى شۇنچە تېز ئىسسىتقىلى بولىدۇ، پۇل قانچە كۆپ بولسا قىزنى شۇنچە تېز ئىسسىتقىلى بولىدۇ» دەيدۇ. ھە، ئۇ دېدى، قىزىل رەڭلىك ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پۇلدىن بەش ۋاراق (يۈز يۈەننى دېمەكچى)، ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يېشىل رەڭلىك پۇلدىن 10 ۋاراق (50 يۈەننى دېمەكچى) دەيدۇ.

B: (ئىككىلىنىپ) ھەزرىتىم، ھازىرچە ئازراق بېرىپ تۇرۇپ، قالغىنىنى ئىشنىڭ ئۇنۇمىگە قاراپ بەرسەم بولىدۇ ـ ھە؟

A: ھە، بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بولاڭخۇي[1] ئوقۇيمەن، لېكىن ئىشنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلگەن ھامان چالا قالغىنىنى قايتۇرۇۋەتمىسىڭىز قەست ئۆزىڭىزگە يېنىپ قالىدۇ.

B: ھە، مانا، ھەزرىتىم، ھازىرچە مۇشۇ. قالغىنىنى ئىش پۇتكەندە بېرىمەن، ( A پۇلنى ئۇستىگە كۆتۈرۈپ راست ـ يالغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ)، ھەممىسى جىك.

A: لېكىن ساختا بولۇپ قالسىمۇ قەست ئۆزىڭىزگە يېنىپ قالىدۇ جۇما!

B: ياق، ياق، خاتىرجەم بولسىلا، پۇل ھەرگىز ساختا ئەمەس. بانكىدىن ئالغان.

A: ھە، ئۇنداق بولسا مەيلى. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ پۇلنى مەن ئۆزۈم ئىشلەتمەيمەن. مازار ـ ماشايىخلارغا، يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غورۋالارغا سەدىقە قىلىۋېتىمەن، مەن ئوقۇشنى باشلاي ئەمىسە ـ ھە؟!

① «كۆتۈرەگە ئېلىپ» دېمەكچى.

B: بەلەنرەك ئوقۇپ قويارلا.

A: (گېلىنى بىرھازا قىرىپ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك توختاپ) شىنفىنجىڭنى چىقىرىڭ.

B: نېمىنى؟

A: كىملىك، كىملىكنى.

B: ئۇنى نېمە قىلىسىز، ھەزرىتىم؟

A: ئەستاغپۇرۇللا... كىملىكىڭىزگە قاراپ ئوقۇمىسام بىرەر سان ياكى ھەرپ خاتا بولۇپ قالسا ئوقۇغان ئايىتىم باشقىلارغا كېتىپ قالىدۇ. كىملىكىڭىزگە قاراپ ئوقۇسام، ئوقۇغان ئايەت دەل جايىغا تېگىدۇ دەيمەن.

B: (كىملىكنى بېرىدۇ) ھە، مانا.

A: (كىملىكنى كۆرۈۋېتىپ قايتۇرۇپ بېرىپ يەنە شۇ چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى تەكرارلاپ توختىماستىن «سۇپ» دەپ، B نى تەسۋى بىلەن ئۇرۇپ، تەسۋىنى بېشىدىن چۆرگىلىتىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇشقا باشلايدۇ) سۇپ! سۇپ! ئا... سۇپ! (بىرنېمىلەرنى ئاتقاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ).

B: (قورقۇپ ۋارقىراپ) ھەزرىتىم... ھەزرىتىم...

A: (توختاپ) ھە... خوش؟!

B: نېمە ئىش قىلىۋاتىدىلا؟

A: سىزدىكى ئوتنى ھېلىقى قىز بالىغا ئېتىۋاتىمەن.

B: لېكىن ئۇ قىز بالا بۇ يەردە بولمىسا.

A: ئاھاي... سىز جىم ئولتۇرۇڭە. ئۇ قىز بالا بۇ يەردە بولمىغان بىلەن مېنىڭ جىنلىرىم نېمە ئىش قىلىدۇ ئوتنى توشۇماي؟ ئۇلار بىكار يەپ ياتامدۇ؟ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ ئوقۇغانلىرىمدا ھەرگىز شەك يوق. ھازىر مەن ئۇ قىز بالىنى ئوقۇپ ئىسسىتىمەن، ھېلىقى مۇھەببىتىنى ئوقۇپ سوۋۇتىمەن. تېرىققا ئوقۇپ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چاچىمىز. قۇلۇپقا ئوقۇپ ھېلىقى مۇھەببىتىنى بەند قىلىۋېتىمىز، مەڭگۈ توي قىلالمايدۇ. يەنە قونچاقا ئوقۇپ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىيمىز. چۈشەندىڭىزمۇ ـ ھە، شۇڭا سىز





جىم ئولتۇرۇڭ. (داۋاملىق ئوقۇپ، دورۇتنىڭ ئاخىرىنى ناخشىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ) بۇ يىگىتكە چېگىلگەيسەن، ئارغامچىدەك يۆگەلگەيسەن، ھېلىقى يىگىتتىگە ياتلاشقايسەن، بۇ يىگىتكە چاپلاشقايسەن، ھە... سۇپ! يىڭنىدىن يىپنى سۇغارغاندەك، پېتىر مانتىدىن قىلنى سۇغارغاندەك، قارا ئاتقا مىنگەنلەر. ھى... ھى... سۇپ!

(تۇيۇقسىز كېسىلى تۇتقان ئادەمدەك ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ تىترەپ سىلكىنىدۇ)

A: (بىھوش ھالەتتىكىدەك سۆزلەپ) كەلدى! كەلدى! كەلدى!...

B: ھەزرىتىم كىم كەلدى؟ (جىددىيلىشىدۇ)

A: ھېلىقى قىزنىڭ جىنى كەلدى.

B: (قورقۇپ تۈگۈلۈپ) كىمنىڭ؟

A: ئۇ يىگىتنىڭ جىنى كەلدى، ئىككى جىن يېقىن كەلدى، ئەر جىن بىلەن قىز جىن قول تۇتۇشتى، ئىككىسى قۇچاقلاشتى. يەنە يېقىن كېلىۋاتىدۇ، ئەركەك جىن قىز جىنغا ئېغىزىنى تەڭلىدى. ئۇنداق قىلما. ھەي... نائەھلىي، ئۇنداق قىلما... (قاتتىق چۆچۈپ ھوشىغا كېلىدۇ) ئۇھ! ۋاييەي! ۋايجان! (ھاسىرايدۇ)

B: ھەزرىتىم، سىلى ساقمۇ ـ يە؟

A: خوش، ۋاييەي... ئىچىمگە سېمىز بىر جىن كىرىۋاپتىكەن، ئەجەب قىينىدى مېنى. ئۇھ، مەن ھازىر نېمە دېدىم؟

B: سىز باياتىن «ئەركەك جىن بىلەن چىشى جىن يېقىن كەلدى» دېدىڭىز.

A: خۇداغا شۈكۈر، ئۇنداق بولسا ئىككىڭلارنىڭ ئىشى پۈتۈپتۇ. ھازىر جىنىڭلار بىر يەرگە كېلىپ بوپتۇ. ئەمدى جىسمىڭلار بىر يەرگە كەلسىلا بولدى. ئىش تامام ـ ۋەسسالام!

B: جىسمىمىز؟ ھەزرىتىم، بۇ جىسمىمىز قاچان بىر يەرگە كېلەر؟

A: بۇ ئاسان، مەن سىزگە بىر تۇمار پۈتۈپ بېرىمەن، شۇ تۇمارنى ھېلىقى قىزنىڭ بېشىدىن شۇنداقلا ئۆرۈسىڭىزلا ئىش پۈتتى.

B: تۇمارنىما؟

A: ھەئە، مەندە ھازىر تەييار بىر تۇمار بار، مەن شۇنى سىزگە ئۆزگەرتىپ بېرەي ـ ھە. (يانچۇقىدىن ئالىدۇ) ئۇنىۋېرسال تۇمار ماۋۇ، ھە، كىملىك!

B: يەنە ئىشلىتەمسىز، ھە، مانا. (بېرىدۇ)

A: ھە ماۋۇنى فۇيىن[1] قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ بولۇپ كېتىدۇ ئەمدى ماۋۇ. (كىملىكنى ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىغا سېلىپ قىسىپ كۆچەپ بېسىپ تۇرۇپ يەنىلا شۇ چۈشىنىكسىز سۆزلەر بىلەن دۇرۇت ئوقۇيدۇ) سۇپ! (غىڭشىپ تۇرۇپ ئىككى قولىنى جۈپلەپ كىملىكنى باسىدۇ. تۇيۇقسىز يانغا قاراپ) نېمە دەيسەن؟ ساڭا گەپ يوق، كېتە ماڭ، ھۇ، ساراڭ جىن! (يانچۇقىدىن ئالغان ئۈچ بۇرجەك «تۇمار» بىلەن كىملىكنى قايتۇرۇپ بېرىپ) ھە، مانا ئېنىق فۇيىن بولۇپتۇ. مانا ئېلىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىۋېرسال تۇمارى بولۇپ كەتتى، ئېلىڭ.

B: (تۇمارغا قاراپ) ھېچنېمە يوققۇ بۇنىڭدا؟

A: سىز بۇ كۆزىڭىز بىلەن بۇنى كۆرەلمەيسىز، مەن ئايەتنى قەغەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا فۇيىن قىلىۋەتتىم.

B: ھە، مەن بۇنى قانداق ئىشلىتىمەن؟

A: بۇ تۇمارنى سىز ئۇ قىزنىڭ بېشىدىن شۇنداقلا ئۆرۈۋەسىڭىز ئىش پۈتىدۇ، مەن بۇ تۇمارنى سىزگە مۇشۇ نەق مەيداندا سىناق قىلىپ بېرىمەن. ئەگەر سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا سىز ماڭا قالغان ھەقنى تاپشۇرىسىز. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا پۇلىڭىزنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ.

B: ھەزرىتىم، بۇ يەردە قانداق سىنايمىز بۇنى؟

A: مېنىڭ بۇ ياتقىمدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، لېكىن مەن بۈگۈن

[1] فۇيىن ــ نۇسخىلاش.





شىڭچى[1] قىلغان، ئەمدى سىز كېلىپ قاپتىكەنسىز، جيابەن[2] ئىشلەپ قويدۇم. ئەگەر تەلىيىڭىز بولسا چوقۇم بىرسى كىرىشى مۇمكىن. (قەستەن گېلىنى قىرىپ يۆتىلىدۇ)

B: ياتقىڭىزغا ئادەممۇ كىرەرمۇ؟

A: كىرىدۇ. (يەنە يۆتىلىدۇ) بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ.

C: ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

A: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

C: ھەزرىتى ئىشان داموللا پىرىمنى ئىزدەپ كەپتىم.

A: ھە، خوش، مەن شۇ. (B پىچىرلاپ) كەلدى.

C: (يىغلاپ كېلىپ ئولتۇرىدۇ)

A: كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، خېنىم. (B نى ئالدىرىتىپ) بولۇڭ، ئىتتىكرەك. (C غا) نېمە بولدىلا، خېنىم؟

C: ئېرىم تالاغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. (داۋاملىق يۈزىنى تۇتۇپ يىغلايدۇ)

A: ئېرىڭىز تالاغا قارايدىغان بولۇپ قالغان بولسا ئېرىڭىز تالاغا قارايدىغان دېرىزىنى قارا قەغەزدە چاپلىۋېتىڭ. (B نى ئالدىرىتىدۇ) بولۇڭە ئىتتىكرەك، تېز.

B: ئوڭمۇ، سولمۇ؟

A: ئوڭ. بولۇڭە. ھە! ھە!

C: (يىغلاپ) شۇ ئېرىمنى تالاغا قارىمايدىغان، مەندىن باشقا ئادەمگە كۆڭۈل بەرمەيدىغان قىلىپ بەرسىلە بوپتىكەن. (بۇ چاغدا B بولسا C غا چاندۇرماستىن تۇمارنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈۋالىدۇ)

A: خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھازىر شۇنداق قىلىمەن، سۇپ! (C تۇيۇقسىز يىغلاشتىن توختايدۇ. A بىلەن B تۇمارنىڭ ئۈنۈمىنى ساقلاپ چەتتە تۇرىدۇ)

C: (ئورنىدىن تۇرۇپ رومانتىك ھالەتتە) ئاھ!... سۆيۈملۈكۈم! مەن

[1] شىڭچى ــ دەم ئېلىش.

[2] جيابەن ــ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. چۈشۈمدە كۆرگەن پەرھاتىمنى ئاخىرى تاپتىم جېنىم، قاچماڭ!

B: (قېچىپ) ھەزرىتىم، بولدى، ئىشەندىم. ئۇنى توختىتىڭ، ھېلىقىنى...

A: (قولىغا تۈكۈرۈپ) چىقىرىڭە ھېلىقىنى... ھېلىقىنى... قالغىنىنى.

B: (جىددىيلىشىپ پۇل چىقىرىپ) مانا... مانا. (پۇلنى بېرىدۇ)

C: (داۋاملىق A نى تۇتۇپ كۆزىنى يۇمۇپ سۆزلەپ) ئاھ... جېنىم.

A: مەن جېنىڭىز ئەمەس، ئاينا جېنىڭىز. ئاۋۇ يەرگە بېرىڭ.

C: (B نى قوغلاپ) توختاڭ. نېمىگە قاچىسىز؟ سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن.

B: (قېچىپ) ئىشەندىم، ھەزرىتىم، ئۇنى تۇتۇۋېلىڭ.

A: (يەنە قولىغا تۈكۈرۈپ) ھە... يەنە قالغىنىنى – ھە!

B: (پۇل بېرىپ) مانا... مانا... ھەزرىتىم. تۈگىدى. ئەمدى يوق.

C: مېنىڭ پەرھاتىم... جېنىم...

A: (B غا) دەرھال تەتۈر ئۆرۈڭ ئاۋۇنى.

B: (يۈگۈرۈپ كېلىپ C نىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ تۇمارنى ئۆرۈپ ھاسىراپ تۇرىدۇ)

C: (B نىڭ قولىنى ئىتتىرىپ) ھەي لۈكچەك! نېمە مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالىسەن؟ ھە، خەپ! ئېرىمگە دەيمەن. (يىغلاپ چىقىپ كېتىدۇ)

B: (قايىللىق بىلەن) ياۋ... ھەزرىتىم ھەقىقەتەن ئەۋلىياكەنلا جۇما!

(A يەنە پۇل تەمە قىلىپ قولىنى تەڭلەيدۇ)

B: بارىنىڭ ھەممىنى بېرىۋەتتىم باياتىن.

A: ھە، تۈگىدىما؟ ئۇنداق بولسا بوپتۇ، كۆرگەنسىز، مەن قىلغان ئىشتىن چاتاق چىقمايدۇ.

B: شۇنداقكەن، ئەمدى مۇشۇ تۇمارنى مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈسەملا مېنى ياخشى كۆرۈپ قالامدۇ؟

A: قىز بالىنىڭ ئەمەس، سىز خالىغان بىر ئادەمنىڭ بېشىدىن



شۇنداقلا ئۆرۈسىڭىز سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ھەتتا مېنىڭ بېشىمدىن ئۆرۈسىڭىزمۇ مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. بۇنىڭدا شەك يوق.

B: سىزنىڭ بېشىڭىزدىن؟ چاقچاق قىلماڭە، ھەزرىتىم. مۇشۇ تۇمارنى سىزنىڭ بېشىڭىزدىن مۇشۇنداقلا ئۆرۈسەم مېنى ياخشى كۆرۈپ قالامسىز؟ (شۇنداق دېگەن بولۇپ تۇمارنى A نىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ)

A: (بېھوش بولغاندەك بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپ B نىڭ بىلىكىگە ئېسىلىدۇ). ئاھ... جېنىم! جېنىم...! سىزنى ئاران تاپتىم. كېلىڭە... جېنىم...

B: (قورقۇپ قېچىپ) ھەزرىتىم... ياق... مەن خوتۇن كىشى ئەمەس. ياق... مەن ئەر كىشى ئەمەس. ھەزرىتىم، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم. ھاي ھەزرىتىم، (تۇمارنى دەرھال تەتۈر ئۆرۈيدۇ)

A: (بىرئازدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ) نېمە بولدى ھازىر؟ ئەجەب چۈش كۆرگەندەكلا بولۇپ قالدىما مەن؟ نېمە بولغان...؟

B: (دۇدۇقلاپ خىجىللىق بىلەن) ھېچنېمە... ماۋۇ تۇمارنى ئۆرۈپ سالپتىمەن.

A: ئاھاي... شۇڭا مېنىڭ تەرىتىمنى بۇزۇپتىكەنسىز – دە؟ مۇشۇ يەردە جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي.

B: تالادا نېمە ئىش قىلىدىلا؟

A: نېمە ئىش قىلاتتىم؟ يەتتە يولدىن چاۋار تېرىپ سىزنىڭ ماۋۇ تۇمارىڭىزنى ئەمدى قايتا ئىسسىتىپ بەرمىسەم بولمايدۇ. ئىسرىق سالىمىز.

B: ھە، ماقۇل.

A: ھەرقانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياتاقتىن ئايرىلماڭ بولامدۇ؟ مەن چىقىپلا كىرىمەن، سۈپ!

B: ھە، ماقۇل، ماقۇل. (A چىقىپ كېتىدۇ)

B: ياۋ... ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭلار! ماۋۇ ئادەم ھەقىقەتەن ئەۋلىياكەن – ھە؟ مۇشۇنى مۇشۇنداقلا ئۆرۈسەم... ھاي...!

ئىش پۈتتى! ئەمدى ئاشۇ بىزنىڭ مەھەللىدىكى مەن ياخشى كۆرىدىغان قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدىن بىردىن - بىردىن ئوغرىلىقچە ئۆرۈۋالسام ئۇ كاساپەتلەر مېنى ياخشى كۆرمەن، دەپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا رەت - رەت تىزىلىپ كەتسە، «ۋىيەي، مېنى نېسىگە بولسىمۇ ئېلىپ قويۇڭ، ساۋاب بولىدۇ» دەپ كەتسە، شۇنىڭ بىلەن: «ھەي! نېمىنى ئالىدۇ؟ ئالمايمەن! قايتە! قايت - قايت! ئالمايمەن»... ھا... ھا... ھا... ماۋۇ كارامەتنى. (ئويلىنىپ) ياق، ياق. مەن ئۇنداق ئۇچمە كۆڭۈل ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن شۇ قىزنىڭ بېشىدىنلا ئۆرۈۋي جۇمۇ. ئۇ ئەمدى: «ۋىيەي، جېنىم! دادىڭىزغا دەڭە، مېنى ئېلىڭە» دەپ كەتسە، «نېمىنى دەيدۇ؟ خۇشياقسا ئالىمىز، بولمىسا قايتە!»... (ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كېتىدۇ)

D: ھەي، ھەزرىتى ئىشان دامولла پىرىم دېگەن سەنمۇ؟

B: نېمە بولدى؟

D: نېمە بولدى دەيسەنغۇ؟ ئاپامنىڭ كېسىلىنى ئوقۇپ داۋالاپ ساقايتىپ قويىمەن، دەپ كەتمەنگە دەسسەپ، ياڭاقنى مىدىرلىتىپ... بىچارە ئاپامنىڭ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئوبدان داۋالاپسەن - ھە؟

B: مەن شۇنداق قىپتىمەنما؟

D: ھەي، سېنىڭ ھىيلىگەرلىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟ ھەي، ياڭاقنىڭ ئىچىگە قوڭغۇزنى سېلىپ ئوتقا تاشلىساڭ مىدىرلىمامدا؟

B: مىدىرلايدۇ.

D: سەن پۇتۇڭنىڭ ئاستىغا بىر نەرسىنى چاپلىۋېلىپ قىزىق كەتمەنگە دەسسىسەڭ، سېنىڭ پۇتۇڭ كۆيمىگەن بىلەن سەن قىزىق پۇتۇڭدا دەسسىگەن خەقنىڭ بەدىنى كۆيمەمدا؟

B: كۆيىدۇ.

D: بىچارە ئاپامنىڭ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپسەن، تەلىيىڭگە يارىشا مەن بولماي قاپتىمەن، ئەگەر مەن بولغان



بولسام بىر يېرىڭنى يىرتىۋېتەتتىم. (ياقىسىنى سىقىدۇ) ھەي ئالدامچى...

B: خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، ھەي، ئۇ مەن ئەمەس.

C: ئۇ ئەمەس، توختاپ تۇرۇڭ، ئۇ ئەمەس.

D: سىز كىم؟

B: بۇ باياتىن مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز بالا.

C: ھەي، ئەپتىڭىزگە قاراپ گەپ قىلىڭە، كىم سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ؟

B: باياتىن...

C: مەن ئۇ گەپنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئادەمنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغان.

B: نېمە؟ سىز ئەسلي ئۇنىڭ شېرىكى ئىكەنسىز - دە؟

C: ۋاي... ياق. ئۇ مېنىمۇ ئالداپتۇ.

B: سىزنى قانداق ئالداپتۇ؟

C: مېنىڭ بىر ناخشا چولپىنى بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، لېكىن ناخشا ئېيتسام ئاۋازىم قايىدۇ. شۇ ئاۋازىمنى قايمايدىغان قىلىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئالدىغا كەلسەم، «سىز قىز بالا ئىكەنسىز، سىزنى كىنو ئارتىسى قىلىۋېتەي، قىز بالا بولغاندىكىن سىزگە داجى قىلىپ بېرەي، يۇۋخۇي قىلىپ بېرەي، لېكىن مەن يۆتەلگەندە بۇ يەرگە كىرىپ مۇنداق - مۇنداق قىلىسىز» دەپ سىزگە دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتى.

B: ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمنى قانداق بىلىدىكەن؟

C: ۋوي، سىز بۈگۈن مەن بۇ گەپنى قىلغان يەتتىنچى ئادەم.

B: يەتتىنچى ئادەم؟ ئىسىت پۇلۇم...

D: ھا... ھا... ۋاي ئەخمەقلەر... ئاشۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەندىكىن تازا ئوبدان بوپتۇ. ھەي، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى جاھالەت دەۋرىدىن قالغان خاتا ئەقىدە. بۇ ئىش دىندىمۇ، پەندىمۇ چەكلەنگەن ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

C: ھازىر پەستتىكى كوتكوچىدىن سورىسام ياتاقنىڭ پۇلىنى ياتاقتا قالغان ئادەم بېرىدۇ، دەپ كېتىپ قاپتۇ.

B: مەن؟ مەن بېرەمدىكەنمەن؟

D: ھەي... ھەي، بۇ يەردە قاراپ تۇرماي ئۇ ئالدامچىنى تۇتايلى. بولمىسا ئۇ باشقىلارنىڭ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىمۇ ئالداپ يۈرمىسۇن يەنە.

B: ھەئە، توغرا، ماڭايلى...

C: ۋاي ئىسىت، چولپان بولۇپ بوپتىمەن ـ دە ئەمدى.

B: (تېرىكىپ) چولپان بولىمەن دېمەي، ئەردىن بىرنى تېپىپ چوكان بولۇڭە.

C: ۋاي، مېڭىڭە، ئاكا... (ئۇلار ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ)







# ئارىچىغا ئالتە تاياق

**قاتناشقۇچىلار:**

A: شەھەر پۇقراسى، خىزمەتچى.

B: A نىڭ ئايالى.

C: A نىڭ دوستى.

**ۋاقىت:** ياز.

**ئورۇن:** يول ئۈستى، مەھەللە.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ھېچقانداق سەھنە مەنقۇلاتى يوق.

B: (سەھنىگە چىقىپ سەھنە سىرتىغا قاراپ) ھە، ماڭمامسىز؟ گولوفاڭنىڭ[1] مورىسىدەك بۇرنىدىن ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ كېتىشىنى. ئەر كىشىدەك مېڭىڭە، ھە!...

A: مانا، مانا، مانا، مانا... (ئاچچىقىدا يەرگە چاڭ دەسسەپ كېلىپ B نىڭ ئالدىغا تاقىشىپ كېلىدۇ) ئەر كىشىدەك ماڭدىم.

B: سوتچىلارنىڭ «ئۆزۈڭلار كېلىشىپ ئاندىن كېلىڭلار» دېگىنىنى ئاڭلىغانسىز؟ ئۆزىمىز كېلىشەلمىدۇق ياكى سوتچىلار بىر تەرەپ قىلىپ قويامدۇ؟

A: ھەي، ماۋۇ چوڭ يول. بوشراق گەپ قىل، سەت تۇرىدۇ، قانداق گەپ بولسا ئۆيگە بېرىپ چىرايلىق ئولتۇرۇپ دېيىشەيلى، بۇنداق قىلما!

B: قايسى ئۆينى دەيسىز؟! قايسى ئۆينى دەيسىز؟! ئۇنتۇپ قالماڭ، ئۇ ئۆيىنچۇ سىزنىڭ ئىدارىڭىز ئەمەس، مېنىڭ ئىدارەم بەرگەن جۇمۇ! ئەمدى ئۇ ئۆيدە سىزنىڭ ھەققىڭىز يوق!

---

① گولوفاڭ ـ پار قازان ئۆيى.

A: ئۆيۈڭدە ئىجارە تۆلىمەي ئولتۇرغىنىمغا خوش بولسام بولغۇدەكتە مەن، ھە؟

B: ئاۋۇ يان تېلېفونىڭىز بەك غودۇڭشىپ كەتتى، قايسى جىنلىرىڭىزدىن كەلدىكىن؟ ئېلىپ بىر سۆزلىشىپ، «مەن ئاجرىشىپ كېتىدىغان بولدۇم، ھۆرلۇككە چىقىدىغان بولدۇم» دەپ كۆڭلىنى بىر خوش قىلىۋېتىڭە.

A: (تېرىكىپ) كىمدۇ بۇ؟ ۋەي!... ھە، نېمە؟... مەن كىم؟! ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئۆزۈڭ بىلمىسەڭ، مەن سېنىڭ كىملىكىڭنى نەدىن بىلىمەن ۋەي ئاداش؟! ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى بىلمىگەن بولساڭ، بېرىپ داداڭدىن سورا! ياكى بولمىسا شىنفىنجىڭ — كىملىكىڭگە قارا! ۋاي — ۋۇي، سەنمىتىڭ؟ «سەن كىم — مەن كىم» دەپ يۈرگۈچە، «مەن» دېسەڭ بولمامدۇ؟ ۋاي — ۋۇي، نېمە ئىش قىلاتتۇق، ئاداش؟ ماۋۇ جانابىي خان ۋالىدە بۇزرۇكۋار بىلەن سوتقا بېرىپ كەلدۇق ئاجرىشىدىغانغا. نەق ۋاقتىدا تېلېفون قىلىپ بەك ئوبدان قىپسەن، ئاداش، بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويە ماۋۇ ساراڭغا.

B: ۋاي، ساراڭ دېگەن سەن، ساراڭ.

A: ساراڭ دېمەۋۇي! ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا دەرىجىسى توشمايدىغان ساراڭ.

B: ھە؟ ۋاي... ياق، مەن سېنى ساراڭ دېمىدىم، ماۋۇ ساراڭ مېنى ساراڭ دەپتى، مەنمۇ ساراڭ دېدىم، ئاداش. ھە، ماقۇل. «گاچچىدە» مۇشۇ يەرگە بىر كەلگىنە، جېنىم ئاغىنەم. مەن سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ تۆۋىنىدىكى يولدىلا، ئاغىنەم بولساڭ تېزرەك كەل، بولمىسا مەن سەندىنمۇ ئادا — جۇدا بولۇپ كېتىمەن جۇما. ھەرقانداق ئىشىڭنى تاشلاپ ھازىرلا تېز كېلە! بولمىسا بىكاردىن — بىكار ماۋۇ ساراڭنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋېتىمەن، تېز كەل.

B: ھەي، سەن مېنىڭ قارنىمنى چۇۋۇيمەن دېگۈچە ئاۋۇ ئۆيدىكى ئەسكى تېلېۋىزورنى بىر چۇۋۇپ باققىنا سەن.





A: بوشراق گەپ قىل، سەت تۇرىدۇ، ساڭا يۈز لازىم بولمىغان بىلەن، ماڭا يۈز لازىم. سەندە يۈز دېگەن نەرسە بارمۇ؟ سەنغۇ قاچانلا قارىسا ھەر خىل — ھەر ياڭزا نەرسىلەرنى سۈرتۈپ يۈزۈڭ مايىنىڭ تېگىدە قالغان نېمە سەن.

B: مەندە يۈز يوق، غوجام، سىزدە ئاۋۇ داشمېندەك يۈز بار، چىرايلىق غوجام.

A: بوش گەپ قىل... (قولىنى كۆتۈرۈپ) ماۋۇ بەش بارمىقىم مۇنداق قىلسام مۇشت بولىدۇ جۇما، ھېلى بىكار...

B: بوش گەپ قىلمايمەن.

A: خەپ جۇما، خەپ...

C: ھوي — ھوي، نېمە بولدۇڭلار، ئادىشەي، چوڭ يولدا بۇنداق تالاش — تارتىش قىلساڭلار سەت ئەمەسمۇ؟

A: نېمە بولاتتى؟ ماۋۇ جانابىي بۇزرۇكۋارىمغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويە، ئاداش.

B: ماڭا ئەمەس، ماۋۇ تاڭلىۋاغا ئوخشايدىغان، بۇزۇق كانايدەك ئاۋازى چىقىدىغان ئاغىنىڭىزگە گەپ قىلىڭە.

A: ھېلى جۇما... بىكاردىن — بىكار ھېلى...

C: ھەي توختاڭلار. مەن ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ ئەر — ئاياللارنىڭ جېدىلىگە ئارىلاشماي، ئۆزۈڭلار ئەر — خوتۇن بولغاندىكىن، چىرايلىق پاراڭلىشىپ كېلىشىۋېلىڭلار — ھە!

A: ئاداش، بىز ئەمدى ئاجراشساقلا ئەر — خوتۇن ئەمەس، ئارىلىشىۋەر! بىز ئەمدى ياتلىشىمىز.

B: ئارىلىشىۋېرىڭە.

C: ھە، ماقۇل، ئەمىسە زادى نېمە بولۇشتۇڭلار، دەڭلار شۇنى.

A: (C نى تارتىدۇ) مەيەرگە كېلە، ئاداش.

B: (C نى تارتىدۇ) ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى بىر ئاڭلاڭە، مەيەرگە كېلىڭە، قاراڭ، ئۇچۇ...

A: ھەي ئاداش! ئاغىنەم بولغاندىكىن ماۋۇ يەرگە بىر كېلە!

B: ماۋۇ يەرگە كېلىڭە، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭە سىز...

A: ھەي — ھەي! ئەر كىشىنىڭ قولىنى تۇتما، نامەھرەم بولىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







C: (تېرىكىپ) ئەستاغپۇرۇللا... ھەي، گېپىڭلارنى ئالدىرىماي بىردىن – بىردىن دېمەمسىلەر؟!

B: مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭە ئاۋۋال، بىر تېلېفون كېلىشى بىلەنلا چىقىپ كېتىپ كېچە – كېچىلەپ قايتىپ كەلمەيدۇ. نەگە باردىڭ دېسەم، «قارتا ئوينىدىم، ماجاڭ ئوينىدىم» دەپ قىمارغا ئۆگىنىۋالدى قاراڭ. يا بالىلارنىڭ ئوقۇشى بىلەن، يا مەن بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. يا ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. سىز ئويلاپ بېقىڭە. بۇ ئۆينى مەن ئۆزۈم يالغۇز تۇتامدىمەن؟ شۇڭا ئاجرىشىپ كېتىمەن دېدىم، خېتىمنى بەرسۇن ماۋۇ تاڭلويا.

A: ئاغزىڭنى يۇم! ئاغزىڭنى يۇم!... ئاداش، ئالدىڭدا بىر ئۇرايما ماۋۇنى؟ ئاداش، مېنى «قىمار ئوينىدى» دەۋاتىدۇ. بىر كويدىن – ئىككى كويدىن ئوينىغان نەرسە قىمارغا كىرەمدۇ؟

C: بوپتۇ، ئۇنى قىمارغا كىرىدۇ دېمەيلى، لېكىن بىر – ئىككى كويدىن ئويناۋېرىپ تېگى يوغىناپ كەتسە ئاخىر بېرىپ تۇرمىگە كىرىدۇ، ئاداش. ماڭا قارا، بۇ ئىشىڭ پەقەت قاملاشماپتۇ. كېچە – كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەي، ماجاڭخانىدا يۈرسەڭ، ئايالىڭ كىرپىك قاقماي سېنى ساقلىسا بولارغىمۇ تەس! ئېغىر كېلىدۇ – دە.

B: شۇ ئەمەسمۇ.

A: ئاداش! ئاداش! مەيەرگە كېلىڭلا! سەنمۇزە، «ئەر كىشىنى كۆرسەڭ بېشىڭ ئاغرىيدىغان، خوتۇن كىشىنى كۆرسەڭ ئىچىڭ ئاغرىيدىغان» ئاداشكەنسەن – ھە؟ ھەي، سېنى ئالايتەن «ئاغىنەم» دەپ ماۋۇ يەرگە چاقىرىپ ئەكەلسەم يەنە ئاۋۇنىڭغا يان باسقىلى تۇردىڭغۇ سەن؟

B: ھەي، ماۋۇ تەتۈرنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭىزما؟ بۇنى ئاز دەپ مېنى ئۇرىدۇ بۇ تېخى! «نەگە باردىڭىز؟» دەپ سورىسام گۇم – گۇم مېنى ئۇرۇپ كېتىدۇ.

A: ئاغزىغا جوبۇ (پىلاستىر، چاپلاق) چاپلايدىغان نېمىكەن ماۋۇ، ئەمدى ئۇرايچۇ ئاداش ماۋۇنى.











C: بولدى – بولدى. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ...

A: ھەي ئاداش، بىزنىڭ ئىدارىدىن بىر ئۆينى بەرسە «بۇ ئۆي بەك كىچىككەن، مېنىڭ ئىدارەمدىن يوغان داچا سېلىپ بېرىدۇ، گۇاڭچاڭ (كەڭ مەيدان) سېلىپ بېرىدۇ. ئۇنداق چوڭ، مۇنداق چوڭ» دەپ ئۇنىمىسام ئۇنىماي، ئاشۇ يەردىن ئۆي ئالدى. «ماقۇل» دەپ بېرىپتىمەن، ئاداش. ئەمدىلىكتە ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا، «ئۇ ئۆي مېنىڭ، ئۆيدىن چىق» دەيدۇ. سەن ئويلاپ باقە، ئەمدى مەن بىر ئەر كىشى تۇرۇپ مۇشۇنىڭ ئۆيىدە، مۇشۇنىڭ كارىۋىتىدا، مۇشۇنىڭ يوتقىنىدا...

C: ھوي – ھوي! (A نىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ) ھاي، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئاداش. ئۆينى مەيلى سېنىڭ ئىدارەڭدىن بەرسۇن، مەيلى ئايالىڭنىڭ ئىدارىسىدىن بەرسۇن، ئۇ ئۆي بىر ئەمەسمۇ، ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

A: ئوخشاشمايدۇ، ئاداش، نام ئاۋۇنىڭ! بىر تېپىشماق چىقىپتۇ ئاڭلىدىڭما؟

C: نېمە تېپىشماق؟

A: ئۆتكەندە بىر سورۇنغا بارسام ئاغىنە باللار «بىر تېپىشماق بار، تېپىپ باق» دەيدۇ. «دېمەمسەن؟» دېسەم، خىرىلداپ كۈلۈۋېرىدۇ. «ۋاي دېمەمسەن» دېسەم نېمە دەيدۇ دېگىن؟ «تۇرۇبىسى بار سۈيى يوق، خوتۇنى بار ئۆيى يوق، ئۇ كىمۇ؟» دەيدۇ. سەن دەپ باقە، ئۇ زادى كىمۇ؟

B: ئۇچۇ قاراڭ، سىز!

A: مانا كۆردۈڭمۇ، ئاداش، ماۋۇ مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس، ماڭا فاڭدۇڭ! (ئۆي ئىجارە بەرگۈچى، ئىجارىكەش) «قىرىق يىلدا خوتۇن كىشىنىڭ بىر تال چېچى ئەل بولىدۇ ئەرگە» دېسە ئىشەنمەپتىمەن. «تاپقان پۇلى ئىشىككە ئاسقان توقماق» دېسە بۇرۇنقىلار تاپقان گەپ دەپ چۈشەنمەپتىمەن. (پېشانىسىگە ئۇرىدۇ) تاڭ – تاڭ – تاڭ – تاڭ تېگىدۇ، ئادىشىم.

B: (تەنە قىلىپ) شائىر!... شائىر!

C: ھەي! توختاپ تۇرۇڭ، سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز قاملاشماپتۇ،

چوپچوڭلا بىر ئەر كىشىنى «ئۆيدىن چىق!» دېسىڭىز، ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەمدۇ؟ ئېغىر كەلمەمدۇ؟

B: بىر چىقىپ كەتكەنچە ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر ئۆيگە قايتىپ كەلسە، ئۆينىڭ ئىشى بىلەن كارى بولمىسا، بىرنېمە دېسەم مېنى ئۇرسا، شۇڭا «نەدە ئويىنىغان بولساڭ شۇ يەردە يات، ئۆيدىن چىق!» دېدىم.

A: هەي، ئاشۇ قارتا ئويىنىغان ئۇستەلدە ياتقىلى بولامدۇ؟ مېنىڭ پۇتۇم چىقىپ قالامدۇ ئۇ يەردە ياتسام؟

B: تولا گەپ قىلماي خېتىمنى بېرە!

A: ئەستاغپۇرۇللا... ئەمدى ئۇرمەن ماۋۇنى... ئەمدى تۇتما مېنى، هەي جېنىم ئاداش! ماۋۇ مېنى قان بېسىمى ئەمەس، خان بېسىمى قىلىپ قويدى، ئاداش!

C: هوي ـ هوي، چوڭ كوچا ماۋۇ، سەت تۇرىدۇ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! بىر ـ بىرلەپ سۆزلەيلى. ئىش بۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئېنىق مەقسىتىڭنى بىر دېگىنە. نېمە دېمەكچى سىلەر؟

A: مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقۇم يوق، مەن ئۇنىڭغا تەسلىم! تەسلىم!

B: (قولىنى كۆتۈرۈپ) مەنمۇ سىزگە ئەل بولدۇم! ئەل! ئەل! مەن سىزگە ئاشىق. مېنىڭ سىز بىلەن ئۆي تۇتقۇم بار.

A: (ئۇرماقچى بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ) كۆردۈڭما؟ ئاڭلىدىڭما ئاۋۇنىڭ دېگەن گېپىنى، ئاداش؟

C: بولدى، بولدى. بۇ يەردىكى مەسىلە خېلى ئېغىر دەك قىلىدۇ. مەن ئوتتۇرىدا تۇرۇپ لىللا بىر گەپ قىلىپ قوياي، ئەڭ ياخشىسى ئىككىڭلار ئاجرىشىپ كېتىڭلار!

A: هە، ماۋۇ گېپىڭ... مەيەرگە كېلە، ئاداش. چىرايلىق گەپ قىلىپ بىزنى ياراشتۇرۇپ قويامدىكىن دېسەم، «ئاجرىشىپ كېتىڭلار» دەيسەنغۇ؟ بىزنى ئاجراشتۇرۇۋېتىپ نېمە مەقسىتىڭ بار سېنىڭ؟

B: شۇنى دەيمەن، بىزنى ئاجراشتۇرۇۋېتىپ، سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان بىرەرسى بار ئوخشايدۇ بۇ كىشىنىڭ.





C: ئۆزۈڭلار «ئۆي تۇتقىمىز يوق» دەپ كەتكەن تۇرساڭلار، مەن نېمە دەيمەن؟

A: ئالايىتەن سېنى بۇ يەرگە چاقىرغاندىكىن چىرايلىق گەپ قىلمامسەن؟ ئاجرىشىپ كەتسەك ساڭا نېمە پايدىسى؟ ئىككى بالىنى سەن باقامسەن، ئاداش؟

B: هوي غوجام! بىز ئون يىلدىن بۇيان ئاران ئۆينى ئۆي قىلغان بىز. سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كېتىدىغان ساراڭ ئەمەس جۇمۇڭ بىز!

A: هەي، سېنىڭ باشقا ئىشىڭمۇ يوقمىتى؟...

C: هەي، توختاپ تۇرۇڭلار، قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ! ئۆزۈڭلار «ئۆي تۇتقىمىز يوق، ئاجرىشىمىز» دېگەندىكىن، «ئاجرىشىڭلار!» دېمەي نېمە دەيمەن! سىلەر ئۆي تۇتامسىلەر ـ تۇتمامسىلەر، ئاجرىشامسىلەر ـ ئاجراشمامسىلەر، مېنى چېتىۋېلىپ نېمە ئىش قىلىسىلەر ئۇنداقتا؟

A: كىم سېنى چېتىۋاپتۇ؟ سېنى بىر ئادەم بۇ يەرگە چىللاپ ئەكەلدىمۇ، ئاداش؟

C: ئۆزۈڭلار چاقىردىڭلارغۇ؟

A: سېنى بىركىم مەجبۇرىي يالاپ ئەكەلدىمۇ؟ ئۆيۈڭدە باشقا ئىشىڭ يوقمىتى؟

B: ئىشىڭىزنى قىلىڭە نېرى بېرىپ!

C: توۋا خۇدايىم... ماۋۇ... ئەستاغپۇرۇللا... راست ساراڭ بوپسىلەر ئىككىڭلار!

B: هۆيت! خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزىمەن دېگەن ئادەم ساراڭ بولارمىكىن؟!

C: ئاجرىشامسەن ـ ئاجراشمامسەن مېنىڭ نېمە چاتىقىم.

A: ئۇنداق بولغاندىكىن ئىشىڭنى قىل، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشما!

B: شۇنى دەيمەن. ئىشىڭىزنى قىلىڭە بېرىپ!

C: هەي، توختاڭ! سىز باياتىن «ئېرىم ئۆيگە كىرمەيدۇ، قارتا ئوينايدۇ، ماجاڭ ئوينايدۇ، مېنى ئۇرىدۇ» دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

B: ئوغۇل بالا تازا، ئوينىسۇن!
A: خو! خوتۇن.
B: قاراڭ! مېنى ئۇرسىچۇ خەق ئۇرمىدى، ئېرىم ئۇردى. «قويى بار ئادەم گۆش يەيدۇ، ئېرى بار ئادەم مۇشت يەيدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئەمدىغۇ ئىشىڭىزنى قىلارسىز بېرىپ!
C: ۋاي... نېمە قىلساڭ قىلىشە، ئەمدى ئارىلاشمايمەن...
A: يوقالغىنا ۋاي، ئاداش! ماۋۇنىڭغا گەپ قىلىپ بولالماي قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ، خوتۇن؟ بېرىپ داپەنجى يەپ كېلەمدۇق؟
B: هەئە، لازىنى جىق سالدۇرۇپ ئاچچىق قىلىپ يەپ كېلەيلى، بەزىلەرنىڭ ئىچى ئېچىشىپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. ساراڭ، يۇرۇڭە، ئېرىم!
A: ماڭە، خوتۇن. خو! خوتۇن. (چىقىپ كېتىدۇ)
C: راست ساراڭ بوپتۇ ماۋۇ خەق. ماڭا نېمە بار بۇ يەردە؟ ماۋۇ يەرگە كەل دېسە كېلىپ مەن نېمىشقا ئارىلىشىمەن خەقنىڭ ئىشىغا؟ ئەر - خوتۇننىڭ ئىشىغا ئارىلاشقاندىكىن مەن ئۆزۈم ساراڭ! مەن قاپاقباش! ئىككىنچى ئەر - خوتۇننىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىغان بولسام... «ئارىچىغا ئالتە تاياق» دېگەن مۇشۇ بولدى - دە. خەپ! (تېلېفون كېلىدۇ). ۋاي... ماۋۇ كىمدۇ ئەمدى؟ ۋەي! كىمۇ؟! هە... دىلمۇراتما؟ نېمە ئىش قىلىپ بولاتتى، ئاداش، ماۋۇ ئىككى ساراڭنىڭ ئىشىغا... نېمە؟ ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالدۇق، چاپسان كەل؟ هەي! مەن سوتچى ئەمەس! مەن ئەر - خوتۇننىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ تويدۇم! داد! هۆ!





# هەر كاللىدا هەر خىيال

**قاتناشقۇچىلار:**
A: تۇراخۇن، دېھقان.
B: ئۇرايىم. A نىڭ ئاكىسى.
C: ئۇرايىمنىڭ ئايالى.
**ۋاقىت:** كۈز.
**ئورۇن:** ئۇرايىمنىڭ مېھمانخانا ئۆيى.
**سەھنە تۈزۈلۈشى:** سافا تىزىلغان.

(B گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرماقتا)
A: (سىرتتىن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ) ئۇرايىماخۇن! ئۇرايىماخۇن...
B: (تېرىكىپ) ۋاي... ۋاي... كىمدۇ بۇ قوناقلىقتا ۋارقىرىغاندەك ۋارقىراپ. كىمۇ؟
A: مەن، مەن، تۇراخۇن.
B: هە؟
A: مەن، سېنىڭ ئاكاڭ تۇراخۇن! تۇرەك، تۇرەك.
B: ۋوي (يۈگۈرۈپ ئىشىكنى ئاچىدۇ) ئاكاما؟ ۋوي، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ياخشىمۇ؟ قاچان كەلدىڭ؟ هە، سومكىنى مۇشۇ يەرگىلا قويە، يۇرە، كىرە.
A: يائاللا، ئۇكام! نېمە بۇ سەرەڭگىنىڭ قېپىدەك ئېگىز بىناغا كىرىۋېلىپ، قوش قەۋەت ئىشىك بىلەن دېرىزەڭلەرنى چىڭگىدە تاقاپ ئولتۇرىدىكەنسىلەر، ئۇكام. شۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ شەھەردە ئوغرى - يالغان بەك جىق بولۇپ كەتتىمۇ - يە؟ بەك قورقۇنچاق بولۇپ كەتتىڭلارمۇ؟
B: ئولتۇرە، ئاكا، نېمە بولدۇڭ، سۆزلەپلا قاپسەنغۇ؟

A: قويغىنا، ئۇكام، نېمانچىمۇ ئېگىزگە چىقىۋالغانسەن، جىن تەكچىگە چىققاندەك.

B: ئاكا، بۇ دېگەن شەھەر. ئەلۋەتتە يېزىغا ئوخشاشمايدۇ. بەزى ئىشلارنى سەن چۈشەنمەيسەن. ھە، سەن بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغىن، مەن كىرىپ چاي دەملەپ چىقاي، سەل تۇرۇپ تاماق قىلىپ بېرىمەن تېخى.

A: نېمە دەيسەن؟ تاماق قىلىپ بېرىمەن؟

B: ھە.

A: ئوغۇل بالا! تاماقنى سەن قىلساڭ خوتۇنۇڭ نېمە ئىش قىلار، ئۇكام؟ بۇ شەھەرگە كەلگىنىڭگە تۆت - بەش يىل بولا - بولمايلا ئۇرايماخۇن دېگەن ئىسمىڭنى سايىماخۇنغا ئۆزگەرتىۋالغان ئوخشىمامسەن؟ مۇبارەك بولسۇن! كىر - قات يۇيۇشنىمۇ بىلەمسەن؟... بىلىسەن!

B: ۋاي - ۋۇي، ئاكا! بۇ دېگەن شەھەر تۇرسا... ئايالىم «سەل كېچىكىپرەك كېلىمەن» دېدى. شۇڭلاشقا مەن تاماق قىلىپ بېرەي دېگەنگە تويغۇزۇۋەتتىڭغۇ... ياكى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىر ئۆمۈر پېنسىيەگە چىقمايدىغان دېھقان بولسام بولاتتىمۇ - يە؟

A: ۋىيەي، ماۋۇ گەپنى. دېھقان بولغاننىڭ نېمىسى يامان - ھە؟ سەن بۇ شەھەرگە ئاسماندىن «توككىدە» چۈشۈپ قالمىغان بولغىيتتىڭ؟ قايسىبىر شەھەرلىكنىڭ ئاتا - بوۋىسى دېھقان ئەمەس؟ بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىمىزنى، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىۋاتقانلار يەنىلا بىز دېھقان جۇما، ئۇكام.

B: ئازراقلا پۇل تاپسا تۆت سەر ھاراقنى لاي سۇ بىلەن ئىچىپ مەست بولۇپ، ئېرىقلاردا يېتىپ قالغانلارمۇ يوق ئەمەستۇ؟

A: ئۇكام، شۇ ھاراقنى ئىچكەندىكىن ئادەمنى شىيەنجاڭ - شۇجى قىلمايدىكەن. شۇ مەست قىلىدىغان گەپكەن. ھە، بۇ ئىشلارمۇ ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، ئۇكام.





B: ئاكا، سەن مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭمۇ ياكى گەپ تالاشقىلى كەلدىڭمۇ؟

A: ھا... ھا... ھە... ئولتۇرە، ئۇكام. ئەمدى سەنمۇ بىزنىڭ يۇرتىمىز تەرەپلەرگە ئۆتمىگىلى ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. سېنىمۇ سېغىنىپ قالدۇق، ئۇكام. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ بۇ شەھەردە تىكەندەك يالغۇز ئەمەسما؟ شۇ سېنى ئالاھىدە يوقلىغاچ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساڭا بىر ھاجىتىم چۈشكەن، ئۇكام. شۇ ئىشنى سىلەرگە مەسلىھەت سالغىلى كەلگەنىدىم.

B: (قەستەن گەپنى بۇراپ) ھە، راست، باياتىن قاقشاپلا كەتتىڭ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقمىغانسەن، ئاكا؟

A: قويغىنا، ئۇكام، شەھەرگە كىرە - كىرمەيلا نېرۋام سەل ئۆرلەپ قالدى مېنىڭ. بۇ يەردە ئادەم كۆرمىگەن - ئاڭلىمىغان ئاجايىپ ئىشلارغا يولۇقىدىكەنسەن دەيمەن.

B: ھە، نېمە ئىش بولدى؟

A: ئاخشام ماشىنىدىن سەل كېچىكىپرەك چۈشۈپ قاپتىمەن. ئۆيۈڭگە ئۇدۇللا كېلەي دېسەم خوتۇنۇڭدىن سەل خىجىل بولۇپ قالدىم، شۇڭا ئۇدۇلدىلا بىر مېھمانخانىغا چۈشكەن. ئەمدى ياتاي دەپ تۇرسام ياتاقنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى. تېلېفوننى ئالسام بىر قىز بالىنىڭ «ھى - ھى... ھۇ - ھۇ» (ئوچۇق گەپ ئەمەس دېمەكچى) قىلغان ئاۋازى. نېمە دېگەنلىكىنى تازا ئېنىق ئاڭلىيالماي «ھە، ماقۇل» دەپتىمەن. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك «تاك - تاك - تاك» چېكىلىپلا، خۇدايىم تۇۋا، سۈرەتتەكلا بىر قىز بالا «تاق - تاق - تاق» كىرىپلا (گەپنىڭ ئاخىرىنى دېيىشتىن خىجىل بولۇپ، كىيىم سالغان ھەرىكەتنى قىلىدۇ) خۇدايىم تۇۋا...

B: نېمە دەيدۇ؟

A: ھە، نېمە دەيتتى؟ قېلىن گەپ قىلىۋاتىدۇ.

B: سەن نېمە دېدىڭ؟

A: چىقىپ كەت دېسەم، (ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىدا) سەن مېنى كەل



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگەن، بولمىسا كەلمەيتتىم، مېنى بىكار يول ماڭدۇرۇپ ئاۋارە قىلدىڭ، شۇڭا پۇل بېرىسەن دەيدۇ.

B: پۇل بەردىڭما ئاندىن؟

A: ساراڭمۇ مەن بىكاردىن ـ بىكارغا پۇل بېرىپ؟ كۆرگەنلا ئادەمگە پۇل بېرىدىغان مەن بىر «شاپائەتچى جىگگۇڭ» بولمىسام. ھەي، مۇشۇ قىز باللار كېيىن بىرەر ئەرگە تەگمەسمۇ، ئانا بولماسمۇ، باللىق بولماسمۇ دەيمەن. شۇ قىزلارنىمۇ ئاتا ـ ئانىسى نى ـ نى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان بولغىيتتى، ئۇكام. مۇشۇ بالا كىچىك ۋاقتىدا بالا ئىكەن جۇما.

B: توغرا، توغرا دەيسەن. دېمىسىمۇ ئۇنداق ئىشلار يوق ئەمەس. ھەي... ئاشۇلار ھالال بىر ئىش قىلىپ پۇل تاپقان بولسىچۇ...

A: ۋاي... ئۇكام! «سامان ئارىلاشمىسا لاي بولماس، ھارام ئارىلاشمىسا باي بولماس» دەيدىغان نېمىلەر ئاۋۇ. ھە، راست، ساقلىقنى ئۆيدە ئال جۇما، ئۇكام.

B: قانداق دەيسەن؟

A: ئاڭلىسام، بەزى شەكلى ئۆزگەرگەن ساتىراشخانىلار پەيدا بولۇپ قاپتىمىش! ئاشۇ يەرنىمۇ چاتاق دەيدۇ! ھەر خىل مەرەز كېسەللەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەردىن يۇقارمىش.

B: توۋا دېگىنە، ئاكا! ئەقلى جايىدا ئادەم ھەرگىز ئۇنداق يەرگە بارمايدۇ. ۋوي، ئاكا! بۇ يەردە قورۇقلا ئولتۇرۇپ كەتتۇق، يۈرە، ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى.

A: بولدى، بولدى، چاينى ھېلى ئايالىڭ كەلگەندە ئىچەيلى. ئولتۇرە، ۋوي راست، ئايالىڭ تېخىچە كەلمەيدىغۇ، ئۇكام؟

B: ئۇ «بۈگۈن بىر چىپىم بار، كېچىكىپرەك كېلىمەن» دېگەندى.

A: ئوھۇ... ئايالىڭ چايغا كەتتى، ئۆزۈڭگە يەيدىغان نانمۇ يوق، مۇشۇنداق ئولتۇردۇڭ؟ ئۇكام... سەل دىققەت قىل جۇما! ئايالىڭ چاي ئويناپمەن دەپ، چاينى بىر يېرىگە تۆكۈۋېلىپ كۆيدۈرۈپ قويمىسۇن يەنە. «ئوقۇرنى بۇزغان تانا، خوتۇننى بۇزغان تالا» دېگەن گەپ بار جۇما، ئۇكام.





B: ئاكا، بۇ ھەقىقىي نىكاھ دېگەن ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. مەن ئايالىمغا ئىشىنىمەن. ئۇ ھەرگىز يامان يوللارغا ماڭمايدۇ.

A: ھەي ئۇكام، ئاڭلىسام «رەڭلىك» دەيدىغان بىر سورۇن پەيدا بولۇپ قاپتىمىش. ئەگەر سەل دىققەت قىلمىساڭ ماۋۇ تۇرمۇشۇڭ رەڭسىزلىشىپ قارىداپ كەتمىسۇن يەنە.

B: ئەستاغپۇرۇللا... ئاكا، ئۇ «رەڭلىك» سورۇندىكىلەر تۇرمۇشتىكى پەقەت بىر قىسىملا ئادەملەر. ھەممە ئادەمنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئايالىم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ چاي ئويناۋاتىدۇ. چايدا چۈشكەن پۇللارنى يىغىپ نامراتلارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا، ئوقۇشسىز قالغان باللارغا ئىشلىتىۋاتىدۇ.

A: ئۇنداق يېرى بولسا مەيلى، ئۇكام، بۇ ئىشى بوپتۇ.

B: سەن بۇرۇن خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دەيتتىڭ، ئەمدى ئۇنداق دېمەيدىغانسەن؟

A: ياق، ياق، ئۇكام، ئۇنداق دېگىلى بولامدۇ؟ سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ چېچى قىسقا تۇرسا... قارا، ئۇكام، ھەقىقەتەن ئېسىل خوتۇن ئېلىۋاپسەن. مانا مۇشۇنداق ئېسىل خوتۇن ئالغىنىڭنىڭ شەرپىگە يۈرە سېنى بازارغا ئاچىقىپ بىر مېھمان قىلاي. يۈرە، ئۇرايىماخۇن ئۇكام.

B: ئاكا! بۇ يەردە «ئۇرايىماخۇن ـ ئۇرايىماخۇن» دېمەي، ئىبراھىم دەپ ئاتىغىنە مېنى.

A: شۇ سېنى ئۇرايىماخۇن دەپ كۆنۈپ قاپتىمەن، ئۇرايىماخۇن. ۋوي... ئى... ئىبرا... (تىلى كەلمەي) ئۇكام... يۈرە.

B: ھەي ئاكا، توختىغىنە، بىر گەپ قىلسام كۆڭلۈڭگە كېلەرمۇ؟

A: ھە، دېگىنە.

B: تالا بەك سوغۇق بولمىغاندىكىن ئاۋۇ بېشىڭدىكى تۇمىقىڭنى بىر ئېلىۋېتە، ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئالدىدا بىر قىسىملا تۇرىدىكەن ئادەمنى خىجىل قىلىپ...

A: (تېرىكىپ) گەپ قىلسام سۆزلىدى دەيسەن، ئۇكام! بۇ

تۇمىقىمنىڭ ساڭا نەرى پۇتلاشتى ـ هە؟ باش كىيىم دېگەن بىر مىللەتنىڭ بەلگىسى بۇ! باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ هېيت ـ بايرام، مۇراسىملاردا، چوڭ ـ چوڭ يىغىنلاردا ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەك، باش كىيىملىرىنى پەخىرلىنىپ كىيىپ ئولتۇرىدىكەنغۇ! بۇنىڭ خىجىل بولغۇدەك نەرى بار ـ هە؟ سەن مەن بىللەن بىللە سىرتقا چىقىپ قالساڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭ ساڭا: «ئاكاڭ سەھرالىقكەن، مەتۇكەن» دەپ قالارما، ئۇكام، ئېسىڭدە بولسۇن، مەن ئەسلىمدىن هەرگىز تانمايمەن. سەنمۇ مۇشۇ دوپپا ـ تۇماقلىرىمىزنى كىيىپ چوڭ بولغان جۇما.

B: لېكىن، ئاكا، بۇ دېگەن شەهەر! «قارىغۇنىڭ شەهىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگەن گەپ بار.

A: مەن شەهەرگە كەلگەندىن بېرى قارىغۇ كۆرمىدىم، كۆزۈمنى قىسمايمەن. ساڭا دەپ قوياي، سەن ئاياغ مېيى بىلەن يۈزۈڭنى مايلىۋالغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر نېگىر بولالمايسەن! سەن يەنىلا سەن.

C: (چىقىدۇ) ۋوي، ئاكام كەپتىغۇ؟ قاچان كەلدىڭىز، ئاكا؟ ئۆيدىكىلەر ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ؟

A: ۋوي، هاشىخانىمۇسىز؟ ماۋۇ بالىنى... بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىپتۇ ـ يا؟ (B غا) سېنىڭ خوتۇنۇڭ شۇدۇ ـ هە؟

B: (تېرىكىپ) شۇ، ئاكا! (سەل تارتىپ) هاشىخان ئەمەس، ئايشەم دەيسەن.

A: هە، هايشەم!

C: ئىككىڭلار بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تاماق قىلىپ چىقاي، ئاكا.

A: ياق... ياق. ها... هايشە... (ئېسىگە ئالالمايدۇ)

B: (تېرىكىپ تۈزىتىپ) ئايشەم!

A: هەي... شەم! ئۇكام، مۇنداق قىلايلى. تاماقنى سەل تۇرۇپ بازارغا چىقىپ يەيلى. سىزمۇ ئەمدى كەلدىڭىز. مەنمۇ دەيدىغان





گېپىمنى دەۋېتەي. بۇ قېتىم مېنىڭ سىلەرگە هاجىتىم چۈشۈپ سىلەردىن بىر ياردەم سوراپ كەلگەن، ئۇكام.

C: قانداق ئىشىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، ئاكا، قولىمىزدىن كەلسىلا چوقۇم ياردەم قىلىمىز.

A: رەهمەت، ئۇكام، رەهمەت.

B: (ئۆزىنى قاچۇرۇپ) ئاكا، بىزنىڭ ئەهۋالىمىزنى سەنمۇ بىلىسەن، قارا، بىز ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز مائاشلىق ئادەملەر، بۇ ئايلىق مائاشىمىز ئۇ ئايغا ئارانلا ئۇلىشىدۇ، بۇ مائاش دېگەنغۇ ئۆلمەسنىڭ دورىسى ئىكەن، ساڭا ياردەم قىلالماسمىزمىكىن.

A: ئۇكام، ئۇ كۆڭگە قالمىغانسىلەر؟

B: بۇ شەهەر دېگەندە پۇل جىق كېتىدىكەن، بۇ يەردە ئاپتاپتىن باشقا هەممىنى پۇلغا سېتىۋالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايشەمنىڭ ئىنىسى توي قىلىمەن دېگەندى. بار ـ يوق يىغقان پۇلىمىزنى شۇنىڭغا بېرىپ تۇردۇق.

A: (ئۆز ـ ئۆزىگە) ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ بالا نېمە دەيدىغاندۇ ئەمدى...

C: (B نى يانغا تارتىپ) هەي! ئۇكام قاچان سىزدىن پۇل ئالدى؟

B: ۋاي، جىم تۇرۇپ تۇرە، ئاكامغا پۇل بەرسەك قاچاندا ئالىمىز؟ (A غا) ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز يۇرتتا توي قىلىپ كەلگەنچە بۇ يەردە تېخى توي قىلمىدۇق، شۇڭا ئەل ـ ئاغىنىلەرگە، ئىدارىدىكى خىزمەتداشلارغا توي چېيى بېرىدىغان گەپ. بۇنىڭغىمۇ پۇل كېتىدۇ، ئاكا.

A: راست، ئۇكام، توي چېيى بەرمىسەڭ بەك سەت تۇرىدۇ، ئەمما توي چېيى قىلدۇق دەپ هەشەمەتچىلىك قىلماڭلار، ئاددىي ـ ساددا قىلىڭلار. بەزى ئادەملەردەك قەرز ئېلىپ توي چېيى قىلىپ كۆز ـ كۆز قىلماڭلار. بۇ رېستورانلاردا بىر كۈندە ئىسراپ بولۇۋاتقان يېمەك ـ ئىچمەكنى، ئۇكام، بىزنىڭ يېزىلاردىكى بىر قىسىم دېهقانلىرىمىز بىر يىل يېسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، شۇڭا هەممىمىز يوتقانغا بېقىپ پۇت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈنئىنىمىز ياخشى، ئۇكام. كېيىن مۇشۇ ئىسراپچىلىقلارنىڭ دەردىنى تارتىپ قالمىساقلا بولاتتىغۇ.

C: (B نى يانغا تارتىپ پىچىرلاپ) ھەي، بىز قاچان توي چېيى قىلىمىز دېيىشتۇق.

B: (قەستەن يۇقىرى ئاۋازدا) پۇل تاپقاندا قىلارمىز.

A: ئەستاغپۇرۇللا، ئۇكام... بۇنداق ئويلىغان بولساڭلار زادى قاملاشماپتۇ، مەن تۇرسام نېمىدىن غەم قىلىسىلەر؟ پۇل لازىم بولسا مانا مەن... ھە، توغرا، توغرا (يانچۇقىدىن پۇل ئالىدۇ) ئاله، ئۇكام، مانا ماۋۇ بەش مىڭ كوي.

B: ۋوي... بۇ.

A: ئاله... ماۋۇ ئۆيۈڭنى مۇبارەكلىگىنىم بولۇپ قالسۇن، ئۇكام، يەنە لازىم بولسا مەن بار جۇما، ئۇكام. بېرىمەن يەنە.

B: (پۇلنى ئېلىپ) رەھمەت، ئاكا، رەھمەت.

A: ھەرگىز تارتىنما! بىز بار، ئۇكام، ھەرگىز بوينۇڭ قىسىلىپ قالمىسۇن.

B: ئاكا، سەن بىزدىن ياردەم سوراپ كەلدىم دەۋاتاتتىڭ، پۇل سوراپ كەلمىگەنمۇ؟

A: ئاھاي... نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، ئۇكام. بىزنىڭ ھال - كۈنىمىز بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، خۇداغا شۈكۈر، ياخشى بولۇپ كەتتۇق. مەن بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرماقچى ئىدىم، ئۇكام. شۇڭا، ماۋۇ ئىككىڭلار ھېلىقى قۇرۇلۇش لايىھەلەيدىغان يەردە بولغاندىكىن، شۇ ئۇن زاۋۇتىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، لايىھەلەپ بېرەمدىكىن دەپ كەلگەن.

C: چاتاق يوق، ئاكا.

B: بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟ قەرز ئالمىغانسەن؟

A: نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ بالا. ئۇكام، ئەسكى تۇماقنىڭ ئىچىدە ئادەم بار. «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ، ئەخلەتنىڭ قەدرىنى پەگاھ بىلىدۇ» دەپ بىزمۇ پۇل يىغىشنى بىلىمىز، ئۇكام. شۇ تۇرمۇشىمىزدا تېجەشلىك بولۇپ ئازراق پۇل تەييارلاپتۇق، شۇڭا زاۋۇتتىن بىرنى قۇراي دەپ ئويلاپ





قالدىم، ئۇكام. ئەگەر سىلەرگە يەنە لازىم بولسا تارتىنماي ماڭا دەۋېرىڭلار جۇما.

B: رەھمەت، ئاكا.

C: ئىبراھىم، ئەكىلىڭە پۇلنى! (سىلكىپ ئېلىپ) ئاكا، بىز ھازىر پۇلغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ بۇنچىلىك پۇلنى تاپىمىقىڭىزمۇ ئاسان ئەمەس. ياخشى كۆڭلىڭىز بىزگە تېگىل بولدى، بۇ پۇل يەنىلا ئۆزىڭىزدە قالسۇن.

A: ياق، بۇنداق دېسىڭىز مەن خىجىل بولىمەن ھاشى... (B غا قاراپ) ئايشەم ھە؟ ھە، ئايشەم ئۇكام، ئاز كۆرگەن بولسىڭىز مەن يەنە بېرىمەن، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم.

C: ۋاي بولدى، رەھمەت، ئېلىڭە. (پۇلنى زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ)

A: ئەستاغپۇرۇللا... ما... قارا ئالمىدى خوتۇنۇڭ.

C: (سومكىسىدىن پۇل چىقىرىپ) بۇ بوگۇن چايدا يىغىلغان پۇل. بىز بۇ پۇلنى نەگە ئىشلەتسەك بولار دەپ ئويلىشىۋاتقاندۇق. بۇ پۇلنى ئىككىڭلار ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىئانە قىلىۋېتەيلى، ئاكا، سىز بۇ پۇلنى شۇ مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

A: ئۇكام بۇ...

C: ئادەم دېگەن مېھىر - مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ.

A: گېپىڭىز توغرا، ئۇكام، سىلەر بۇنداق قىلىۋاتساڭلار مەنمۇ قاراپ تۇرسام ياخشى بولماس، شۇڭا مەنمۇ سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارغا ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى قېتىپ شۇ مەكتەپكە ئىئانە قىلىۋېتەي، ئۇكام، قانداق؟

C: توغرا ئويلاپسىز، رەھمەت، ئاكا.

A: ھېچقىسى يوق، بۇ ھەممىسى بالىلىرىمىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن!

# ئاشخاندا

**قاتناشقۇچىلار:**

A: ئۆتەڭدىكى ئاشخانىنىڭ خوجايىنى.

B: يولۇچى، خېرىدار.

**ۋاقىت:** ياز.

**ئورۇن:** ئاشخانا.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** تاماق يېيىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۈستەل – ئورۇندۇقلار. (سەھنىلەشتۈرگۈچى ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ)

A: (خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرايدۇ) كەلسىلە، كەلسىلە! لەغمەن بار، سومەن بار، ئۈگرە بار، چۆچۈرە بار، پولو بار، مانتا بار، پەرمۇدە بار، سامسا بار، نېمە يېسىلە شۇ بار! كەلسىلە، مېھمانلار! كەلسىلە هوي! كەلسىلە، مېھمان! ماشىنىنى ئاشۇ يەرگە توختىتىۋەرسىلە! تۇرۇۋېرىدۇ كەلسىلە! تاڭجاڭ، مېھمان جوخۇ! ماۋۇ مېھمانغا چاي، ئولتۇرىدىغانغا جاي تەييارلاڭلار! كەلسىلە، مېھمان!

B: ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

A: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە!... (B ئولتۇرماقچى بولىدۇ) ۋوي، توختاپ تۇرسىلا. (كېلىپ ئورۇندۇقنى سۈرتۈۋېتىپ) ئورۇندۇق مەينەت بولۇپ كەتمىسۇن، ئەمدى ئولتۇرسىلا.

B: ئەستاغپۇرۇللا...

A: (چاي قۇيۇپ) چاي ئىچسىلە.

B: هە، ئۇستام، ئاشخانىلاردا تاماق بارمۇ؟



A: تاماق بارمۇ دېگىنىنى، ئاشخانىدا دېگەن تاماق بولماي، ياتاق بولامدۇ، ئۇكام؟ چاي ئىچسىلە.

B: ۋوي، ئۇستام، بۇ چاي ئاپپاقلا تۇرىدۇ – يا؟

A: يەرلىك قايناق سۇ، ئۇكام. داغ چاي.

B: چاي سالماپلا – هە؟

A: ئۇكام، نېمە قىلىمىز بىكاردىن – بىكار چاي سېلىپ قايناق سۇنىڭ قۇۋۋىتىنى ئۆلتۈرۈپ؟! چاي دېگەن مۇشۇنداق تەبىئىي بولغىنى ياخشى، مەنتاڭغىمۇ چاي سالماي ئىچۈۋېرىمىزغۇ، ئىچىۋەرسىلە.

B: ياپىر!... قىزىقراقمۇ ئەمەسكەن بۇ چاي.

A: ئۇكام...! سىلى بىلمەيدىكەنلا، چاي دېگەن مۇشۇنداق لەۋۇلمىجان بولغىنى ياخشى دەيمەن. چاي قىزىق بولۇپ كەتسە پۈۋلەيمەن دەپ ئاۋارە بولىدىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاينى پۈۋلىگەندىن كېيىنلا ئېغىزلىرىدىكى مىكروب چايغا چۈشۈپ كېتىپ كېسەل بولۇپ قالىدىلا، ئۇكام. جىق گەپ قىلماي ئىچىۋەرسىلە.

B: هە، ماقۇل، ماقۇل ئىچەي. هە، ئۇستام، ئاشخانىلىرىدا نېمە تاماق بار؟

A: نېمە يېسىلە شۇ بار، ئۇكام.

B: ئۇنداق بولسا لەغمەندىن بېرىنى.

A: (ئىچكىگە ۋارقىراپ) ماۋۇ مېھمانغا لەغمەندىن بېرىنى! باسۇڭ تەخسىگە چىقىرىڭلار. خاۋخوا بولسۇن. (كېلىپ ئولتۇرۇپ) ئۇكام، ئىي سانتانا سىلىنىڭمۇ؟

B: هەئە، مېنىڭ.

A: تۆت چاقى باركەن – هە ئۇنىڭ؟

B: ئەستاغپۇرۇللا... ئۇستام. ماۋۇ قورساق بەك ئىچىپ كەتتى، مېنى تولا گەپكە سالماي ئاۋۇ تاماقنى تېزرەك چىقىرىدىغاننىڭ ئىشىنى قىلمايلىما؟

A: ماقۇل، ماقۇل. (ئىچكىگە قاراپ) ماۋۇ مېھمان ئالدىرايدىكەن، ئىتتىكرەك بولۇڭلار! ئەمدى، ئۇكام، ئاشخانىمىزغا ئادەم جىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرمىگەندىن كېيىن زېرىكىپ قالىدىكەنمىز. سىلىدەك ئادەمدىن بىرەرسى كىرسە، بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىۋالىدىكەنمىز قايىلىسىلا، ھە، راست، مەن سىلىگە مۇنداق قارىسام كېلىشكەن، سالاپەتلىك تۇرىدىلا. شۇنىڭدىن قارىغاندا سىلى كادىر ئوخشىمامدىلا، ئۇكام.

B: ھەئە، مەن كادىر.

A: نەنى پۇتكۇزگەن سىلى؟

B: مەن ئېچكىرىدىكى خۇنەن سىفەننى پۇتكۇزگەن.

A: نەنى؟! ئىككىمىزنىڭ دەرىجىمىز تەڭكەن، مەن خوتەن سىفەننى پۇتكۇزگەن. سىلىدىن تېخى بىر تال چېكىتىم ئارتۇقكەن مېنىڭ.

B: (كۇلۇپ) مۇنداق دەڭ. ئاۋۇ تاماقنى يەنە بىر ئالدىرىتىپ قويايلى، ئۇستام.

A: ھە، ماقۇل، ياكى بولمىسا مەن ئۆزۈم كىرىپلا ئېلىپ چىقاي - ھە؟ ھەي، ئىتتىكرەك بولۇڭلار باللار ھوي! (ئىچكىگە سۆزلىگەچ كىرىپ كېتىدۇ)

B: (غودۇراپ) تازا بىر ئاشخانىغا كىرىپ قالدىممۇ نېمە مەن؟

A: (چىقىپ) ئەستاغپۇرۇللا!... ماۋۇ باللارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى دەيمەن.

B: نېمە بولدى؟

A: قايىلىسىلا، ئۇكام. قازانغا ئاشنى سالاي دەپ تۇرۇۋېتىكەن. تۇرۇۋېنىڭ سۈيى توختاپ قاپتۇ. ئۇكام، مۇنداق قىلايلى، باشقا بىرنەرسە قىلىپ بەرمىسۇنما؟ مەسىلەن، سومەن دېگەندەك..

B: ئەستاغپۇرۇللا... ھە، ماقۇل. ئۇنداق بولسا مەنپەر سومەن قىلىپ بەرسۇن.

A: ھە، ماقۇل... (ئىچكىگە قاراپ) ھەي، ماۋۇ مېھمانىنىڭ... ھە راست، ئۇكام، ماۋۇ ئاشخانىدا مەنپەر سومەن چىقمايدۇ. بىزنىڭ داڭلىق بىر ئاشپىزىمىز بار ئىدى، ئۇكام. ئۇ بوگۇن ئارام ئالغان. مەنپەر سومەن دېگەننى ئۆزۈپ تاشلايدۇ ئەمەسما؟ لېكىن بوگۇن ئىشلەۋاتقان ئاۋۇ ئاشپەزنىڭ (بېغىشنى





كۆرسىتىپ) بىر قولى مۇشۇ يەردىن چورتلا يوق شۇڭا ئۇنى بىر قولدا ئۆزۈپ تاشلىغىلى بولمايدۇ، ئۇكام. ئەڭ ياخشىسى چاناپ - چاناپ دېڭ - دېڭ سومەن قىلىپ بەرمىسۇنمۇ؟!

B: ھە، ماقۇل. شۇنداق قىلسۇن.

A: (ئىچكىگە قاراپ) ھېلىقى لەڭمەن دېڭ - دېڭ سومەنگە ئۆزگەردى! (يەنە تېرىكىپ چىقىدۇ) ئەستاغپۇرۇللا... ماۋۇ باللارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى... مۇشۇ ئادەم باشقۇرماقتەك تەس ئىش يوقكەن جۇما، ئۇكام.

B: (تېرىكىپ) ۋاي يەنە نېمە بولدى، ئۇستام؟

A: ئاۋۇ سەي توغرايدىغان قىڭراقنى گۆشكە سالماڭلار دېسەم، سۆڭەككە سېلىپ قويۇپتىكەن، بىسى قايرىلىپ كېتىپتۇ. قىڭراق ئەمدى شۇ خېمىرغا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

B: ئەستاغپۇرۇللا... ۋاي بولدى، بولدى، مەن چىقىپ كېتەي.

A: توختىسىلا، ئۇكام، جىنىدەك تۇرۇپ تۇرسىلا، باشقا تاماق قىلىپ بەرسۇن. بىردەمدە چىقاتتى.

B: بولدى، رەھمەت. مەن ماڭاي.

A: ماڭا قايىلىسىلا، نەگە بارىلا؟

B: مەن باشقا ئاشخانىغا بېرىپ قورساقنى تويغۇزۇپ كېلىپ، ئاندىن بۇ يەردە سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراي جۇما!

A: ئىختىيارلىرى، ئۇكام. ئەمدى بۇ ئۆتەڭ... قىرىق - ئەللىك كىلومېتىر يەرگىچە باشقا ئاشخانا يوق. شۇ يەرلەرگە بېرىپ بولغۇچە قورساقلىرى ئېچىپ، ئىسسىق ئۆتۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قېتىق ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ قالارلىمىكىن، ئۇكام، ئەڭ ياخشىسى بەش مىنۇتتىلا چىقىرىپ بولىدۇ. باشقا تاماق قىلىپ بەرمەيلىما؟

B: سۇيۇقئاشقۇ باردۇ؟

A: بار... بار... ئەڭ ياخشىسى سىلىگە ئۆزۈپ تاشلاپ تازا مايلىق قىلىپ بىر خۇيمەن قىلىپ بەرمىسۇنمۇ، ئۇكام؟

B: ھە، ماقۇل. ئۆزۈپ تاشلاپ خۇيمەن قىلىپ بەرسۇن.

A: ئوبدان. (ئىچكىگە ماڭىدۇ) ماۋۇ مېھمانغا ئۆزۈپ تاشلاپ...

B: ھەي... ئۇستام، توختاپ تۇرسىلا، خۇيمەنمۇ قىلىپ بەرمىسۇن بولدى، چۈنكى خۇيمەننى ئۈزۈپ تاشلاپ قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

A: ھەئە. ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ قىلىدۇ ئۇنى.

B: خۇيمەننى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ تاشلايدىغانغا ھەقچان سىلىنىڭ ئاۋۇ ئاشپەزنىڭ بىر قولى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ ماۋۇ ئاشخانىدا سۇ توختاپ كەتكەن.

A: ئۇنغىچە كېلىپ قالارمىكىن دەيمەن.

B: ئۇ خۇيمەنگە سۇ كېتىدۇ. بولدى، مانتىغۇ باردۇ؟

A: بار، بار. پېتىر مانتىمۇ ياكى پاختىلىق مانتىمۇ، ئۇكام؟

B: پاختىلىق مانتا دېگەن قانداق مانتا ئۇ؟

A: پاختىلىق مانتا دېگەن ھېلىقى خېمىرى قېلىن بولاق مانتىچۇ، ئۇكام. شۇنى يەملا؟

B: ياق، بولدى، پېتىر مانتا ئەكەلسىلە.

A: (بىر تەخسە سامسىنى ئاچىقىپ) ھە، مانا، مانا، ئالسىلا، ئۇكام.

B: ۋوي، ئۇستام! مەن سىلىگە مانتا بۇيرۇسام سامسا ئاچىقىپتىلىغۇ؟

A: ئىككى سەككىز ئون ئالتە، ئۇكام. ھەر ئىككىسىنىڭ خېمىرىنىڭ ئىچىگە گۆش تىقىمىز، يەۋەرسىلە. ئۇنىڭ ئۈستىگە پېتىر مانتىدىن ماۋۇ سامسا چوڭراق. پېتىر مانتا قىلدۇرۇپ بېرەي دېسەم خېمىرى شىلىشىپ قاپتىكەن، ئۇكام. ئۇنى ھازىر قىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن. يەۋەرسىلە! ئالسىلا!

B: ھە، بوپتۇ. ھەرنېمە بولسا سامسا بولسىمۇ چىقىپتۇ، (يەپ بېقىپ) ئۇستام، بۇ سامسىنىڭ ئىچىدە گۆش كۆرۈنمەيدىغۇ؟

A: بارتىغۇ؟! (قاراپ بېقىپ) قورساقلىرى بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا يوغانراق چىشلەپ گۆشى بار يەردىن ئۆتۈپ كەتتىلىمۇ ـ يە؟

B: ھەرقانچە بولسىمۇ ئېغىزىمغا ئۇرۇلاتتى بۇ؟

A: بولسىغۇ، ئەمدى سىلىگە ئەركەك پاقىلاندىن بىرنى سامسىنىڭ ئىچىگە تىقىپلا ئەكىلىپ بەرگەن بولساق ياخشى بولاتتى، 





لېكىن پاتمايدۇ. جىلتىسى يىرتىلىپ كېتىدۇ، يەۋەرسىلە، مانا ھە، سىلىگە چاي قۇيۇپ بېرەي.

B: ماقۇل. (سامسىنى يەۋېتىپ چىشىدىن بىر نەرسىنى كولاپ چىقىرىپ) ئەستاغپۇرۇللا... ماۋۇ نېمىدۇ ئەمدى...

A: ھە؟ (يېقىن كېلىپ قاراپ) يىپ!

B: يىپ؟ ھەي ئۇستام، بۇ سامسىنىڭ ئىچىگە گۆش سالماي يىپ سالغانما؟

A: ئۇكام، يەۋەرسىلە، بۇ دېگەن تېخنىكىلىق مەسىلە. مىڭ گىرادۇسلۇق تونۇردا دېزىنفېكسىيە بولۇپ كەتتى دەيمەن. «ھېچنېمە كۆرمىدىم» دەپ يەۋەرسىلە، ھېچنېمە بولمايدۇ. قايىلسىلا، ئۇكام، ئۆي سالغاندا ئۆينى سۇۋايدىغان چاغدا لايغا سامان ئارىلاشتۇرمىساق سۇۋاقتا چاك كېتىپ يېرىلىپ كېتەر؟ سامسىنىڭ ئىچىدە بىر ـ ئىككى تال يىپ بولمىسا، سامسا يېرىلىپ كېتىپ مېيى تونۇرغا ئېقىپ كېتىدۇ، يەۋەرسىلە.

B: (تېرىكىپ) بولدى قىلىڭۋەي، ئاكا! ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە قۇرۇق گەپ ساتقۇچە ئاشخانىڭىزنىڭ تامىقى بىلەن مۇھىتىنى ياخشىلىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟

A: ۋىيەي، ياخشىغۇ مانا.

B: ھەي ئاكا، ھازىر دېگەن قانداق دەۋر؟ ھەممە ئادەم تازىلىققا، مۇھىتقا، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىۋاتسا، سىز نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟

A: ئاشخانا ئېچىۋاتىمەن شۇ.

B: بىزچۇ، قاراڭ، مەيلى تاماق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تازىلىق جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىمىزگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان خەلق بىز. ھازىر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ مۇھىتنىڭ ياخشىلىقى، تامىقىنىڭ سۈپەتلىك، تەملىك بولۇشى، ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن شەھەردىكى تېز تاماقخانىلارنىڭ بازىرى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇۋاتىدۇ ھەم ئادەمنى

سۈيۈندۈرۈۋاتىدۇ. ھەممىمىزگە قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ.

A: شۇنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتەر، ئۇكام؟

B: بۇ مۇھىت تازىلىقى، پاكىزلىق دېگەنگە پۇل كەتمەيدۇ، ئازراقلا جىسمانىي كۈچ، ئەمگەك كېتىدۇ. سىزنىڭ بۇ ئاشخانىڭىزنىڭ تامىقىنىڭ سۈپىتىنىغۇ دېمەيلى، ماۋۇ مۇھىتىنى بولسىمۇ ياخشىلىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا بارغۇ، بۇ ئاشخانىڭىزغا چىۋىنمۇ كىرمەيدۇ.

A: چىۋىن كىرمىسە مەيلى، ئۇكام، فاۋېيزەنىڭ جەرىمانىسىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەنمەن.

B: بولسىغۇ، شەھەرگە بېرىپ ئاشۇ مەن گېپىنى قىلغان تېز تاماقخانىلارنى كۆرۈپ كەلگەن بولسىڭىز چوقۇم مۇشۇ ئاشخانىڭىزنىڭ ئەپتىدىن خىجىل بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئاكا، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا مەن سىزنى ئاشۇ شەھەردىكى تېز تاماقخانىلارغا ئاپىرىپ بىر ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ قوياي، قانداق؟

A: ئۇ يەرگە بارالماسمەنمىكىن... راست ئاپىرامىلا - يە؟

B: راست، راست.

A: ئۇنداق بولسا شۇنداق قىلاي، ئۇكام. مەنمۇ بۇ ئاشخانىدىن زېرىكىپ تۇرغان دېسىلە. ئاشۇ يەرگە بېرىپ بىر ئايلىنىپ كۆرۈپ كەلگىچ بىرەر - ئىككى ئاشپەز تېپىپ كېلەيچۇ، ئاشپەز تاپقىلى بولارمۇ؟

B: بولىدۇ، تاپقىلى بولىدۇ. ئەگەر تورغا چىقىپ بىرلا ئېلان بېرىدىغان بولساق، توردىن ھەرقانداق نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

A: ئۇ!... توردىن ھەممە نېمىنى تاپقىلى بولامدۇ؟

B: ھەممىنى تاپقىلى بولىدۇ.

A: مەن تېخى ئۆيلەنمىدىم. بويتاق دېسىلە، تورغا چىقىپلا بالىچاقىلىق بولۇپ بىراقلا يېنىپ كېلەيمۇ - يە؟

B: ئەگەر لايىقىدا كېلىپ قالسا ئۇنداق قىلسىلىمۇ بولىدۇ.



A: (پەشتامىسىنى سېلىپ تاشلاپ) يۈرسىلە ئۇكام ئەمىسە.

B: ھوي، ماۋۇ ئاشخانىنى قانداق قىلىمىز؟

A: راست گەپنى قىلسام، ئۇكام، ماۋۇ ئاشخانىدا مەندىن باشقا ئادەم يوق، شۇڭا بۈگۈن سامىسىدىن باشقا تاماق چىقارمىغان. ھى... ھى... ئىشىككە قۇلۇپنى سېلىپ قويساق تۇرۇۋېرىدۇ، يۈرسىلە.

B: راستىنلا باشقا بىرەر ئاشپەز يوقمىدى؟

A: ۋاي، ئۇكام، بۇ ئاشپەزلىك دېگەنگە نىمكار ئىشلەتمەك بەك تەسكەن دەيمەن. بۇ ئاشپەز - ناۋاينىڭ نىمكارلىرى، ئۇكام، «خېمىر بولۇپ كەتسە پېتىۋېرىمىز، لوبەن (خوجايىن) قاپاقنى تۈرسە كېتىۋېرىمىز» دەپ كېتىۋېرىدىكەن، شۇڭا يالغۇز قالدىم. ماڭسىلا. (چىقىپ كېتىدۇ)



# مەككار سودىگەر

**قاتناشقۇچىلار:**

A: سودىگەر.

B: خېرىدار.

**ۋاقىت:** ياز، كۈندۈز.

**ئورۇن:** كوچا رەستىسى.

**سەھنە تۈزۈلۈشى:** ھېچقانداق سەھنە مەنقۇلاتى يوق.

A: (چاپان، سومكىلارنى كۆتۈرۈپ سەھنە سىرتىدىكى مەلۇم خېرىدارنى تىللىغان پېتى سەھنىگە چىقىدۇ) ۋاي ماڭغىنا، ۋاي ماڭغىنا!... نېمە بولدى؟ نېمە؟ «كونا كىيىمكەن. جيۇجاڭ (كونا مال دېمەكچى) كىيىمكەن، چەت ئەللىك كىيىپ قويغان كىيىمكەن» دەپ كەتكىنىنى. ئۇ چەت ئەللىكنىڭ كىيگىنىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ «چەت ئەللىكنىڭ كېسىلى يۇقىدۇ» دەپ كەتكىنىنى تېخى. ساڭا شۇ چەت ئەللىكنىڭ ياخشى مەدەنىيىتى يۇقمايدۇ ـ يۇ، كېسىلى يۇقۇپ قالارمۇ؟ دەۋاتقان گېپىنى ماۋۇنىڭ... (خېرىدار چاقىرىپ) چاپان ئالامسىز؟ چاپان ئالىدىغانلار بارمۇ؟ چاپان... (ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان B نى كۆرۈپ) ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

B: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! (كېلىپ كۆرۈشىدۇ)

A: ئوبدان تۇردىلا؟

B: ياخشى... بۇ... لېكىن مەن سىلىنى تونۇيالمىدىمغۇ؟

A: سىلى مېنى تونۇمايلا، مەن مۇشۇ بازاردا.

B: بازاردا؟ ھە... مەنمۇ شۇ بازارغا ماڭغان.

A: بولدى، بازارغا بېرىپ ئاۋارە بولمىسىلا، ئۇكام، ئۇ يەردە مال





قىممەت، ماۋۇ بىزنىڭ ماگىزىنىدا ھەممە مالنىڭ باھاسى چۈشتى دەيمەن. ئەرزان دەيمەن.

B: ۋوي، بۇ يەردە نەدە ماگىزىن بولىدۇ؟

A: مانا، ئۇكام. (قولىدىكى مال ۋە ئۆزىنى ئىشارەت قىلىپ) مانا مۇشۇنىڭ ھەممىسى ماگىزىن دەيمەن. مۇشۇ تۇرقۇمنىڭ ئۆزىلا بىر ماگىزىنغۇ مانا. قارىسىلا، مانا ماۋۇ يەردە بىر چاپان بار، ئەمما بۇ چاپان چاپاندەكلا چاپان جۇما، ئۇكام. كىيىپ كۆرۈپ باقمامىلا. (B غا تۇتقۇزۇپ قويۇپ) كىيىپ باقسىلا، ئالسىلا، ئەركەك قوينىڭ تېرىسىدە...

B: لېكىن مەن ئالمايتتىم، بۇ...

A: قارىسىلا، ئۇكام. تاشلاپ قويسا پۇرلەشمەيدىغان، قار ـ يامغۇردا شورلاشمايدىغان ئېسىل چاپان ماۋۇ. مانا ئەركەك قوينىڭ تېرىسى، مىتىس قوينىڭ ياقىسى، كالىنىڭ خۇرۇمى، ئۇكام، كىيسىلە! ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە قاراپ كەتكىنىنى. ئۇكام، كىيسىلە!

B: نەچچە پۇل؟ باھاسىنى دەپ قويۇڭ، ئاندىن كىيەي بۇنى.

A: قارىسىلا، ئۇكام، مۇشۇ ئەتىگەندە «ئۇدۇل كەلگەن مۇشتتىن يانما» دەپتىكەن. تېخى دەسلەپ قىلمىدىم، ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۈرمەيلى، ئەتىگەندە ئاغزىلىرىدىن چىققان ھورغىلا بېرىۋېتىمەن جۇما؟

B: نېمە؟

A: ئاغزىلىرىدىن چىققان ھورغىلا بېرىۋېتىمەن. ئالسىلا! (B كىيىدۇ) مانا! نەق كەلدىدە ئۆزلىرىنىڭكىدەك. بەلەن چاپانكەن بۇ! (B بولسا A نى يېنىغا ئىشارەت قىلىپ، بىر پۇۋلەپ قويۇپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭىدۇ)

A: ھەي... ھەي... مەيەگە كېلەۋەي، قادىخان، مەيەگە كەلسىلە! نېمە قىلىق ئۇكام ئۇ؟ «پۇف» قىلىپ قويۇپ كېتىپ بارىلا ـ يا؟

B: ئۆزىڭىز شۇنداق دېدىڭىزغۇ؟

A: مۇنداق پۇلنى دېيىشىپ، «پۇف، پۇف، پۇف» دېگەندىكىن ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېرىدىغان نېمە ئۇ.

B: چاقچاق قىلىپ قويدۇم. مەن ئەسلىي ئاياغ ئالماقچىدىم دەڭا.

A: ئۇكام، ئاياغ ئالىدىغان ئىشلىرى بولسىمۇ مەندە بار!

B: ھە؟ ۋوي، نەدە ئاياغ بولىدۇ بۇ يەردە؟

A: بىزنىڭ كۇفاڭدا (ئامبار دېمەكچى). بىزنىڭ ئامباردا.

B: نەدە ئامبار بولىدۇ بۇ يەردە؟

A: (چاپاننىڭ پېشىنى قايرىپ، خالتىغا سېلىپ ئىشتانغا ئېسىۋالغان ئاياغنى كۆرسىتىپ) مانا، ئۇكام. مانا مەيەردە ئالامەت ئېسىل ئاياغ بار. چىرايلىق ئاياغ بۇ، ئەمما مايلىسا پارقىرايدۇ ـ ھە!

B: ۋوي، كونا ئاياغكەنغۇ بۇ، ئاكا.

A: كونا ئەمەس، شۇ ئازراقلا كىيىپ قويغانلا يېرى بار، ئۇكام.

B: شۇنداقتىمۇ بۇ خەق كىيىپ قويغان ئاياغنى قانداق كىيىپ يۈرگىلى بولىدۇ؟

A: كىيگەن دېسە قورقۇپ كەتمىسىلە، ئۇكام. شۇ پۇتنىڭ ئۇچىنى تىقىپلا. (يەرنى بوش ـ بوش دەسسەپ) مۇنداق ـ مۇنداق، مۇنداقلا قىلىپ قويغان يېرى بار. باشقا چوڭ ئىش يوق.

B: ئەستاغپۇرۇللا... (ئاياغنى قايتىدىن كۆرۈشكە باشلايدۇ)

A: كىيىۋەرسىلە، سىلى ئىككىلىنىپ قېلىۋاتىلا ـ ھە؟ ماڭا قارىسىلا، ئۇكام. بۇ ئاياغ دېگەننىڭ كونىراقى ياخشى. پۇتنى قىستىمايدۇ، يالمايدۇ، غاجىمايدۇ. سىلى ھېلىقى... «ئاياغنىڭ كونىسى ياخشى، خوتۇننىڭ يېڭىسى ياخشى» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئېلىۋەرسىلە.

B: ھە، بوپتۇ. بۇ ئاياغقا نەچچە پۇل بېرىمەن؟

A: ئەمدى، ئۇكام، ئۇنى ـ بۇنى دېيىشمەيلى، خەق بولغان بولسا ئەتىگەندە يەتمىش بەش كويلا دەيتتىم. سىلىكەنلا. يەتمىش كويلا بېرىۋەرسىلە.

B: بۇنى كېلىشىپ ئالايلى، ئوتتۇز بەش كوي بېرەي.

A: نەچچە پۇل؟



B: ئوتتۇز بەش كوي.

A: ئى بىر پېيىغمۇ ـ يا؟

B: چىك ئا... ئۇ بىر پېيىنى قانداق كىيگىلى بولىدۇ ئۇنىڭ؟

A: ئەمدى سىلىنى مۇنداق پە ـ پە ئېيتىپ ماڭامدىكىن دەيمىنا؟ تېخى ئوتتۇز بەش كوي دېگىنىنى. ئۇكام، ئوتتۇز بەش كويغا كەلمەيدۇ، ئىككى پاشنىسى بار نېمە ئاۋۇنىڭ.

B: ئۇنداق بولسا... (بەش بارمىقىنى كۆرسىتىدۇ)

A: ئەللىك كويما؟ ئەللىك كوي بولسا ئويلاپ باقىمىز.

B: ياق، بەش كوي قوشاي دېدىم.

A: قىرىق كوي؟ ياق، ئۇكام، ئىككى پېتەكنىمۇ بەرمەيمەن ئۇنىڭغا، مۇنداق بىر ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلمامسىز. ئۇنىڭغا...

B: قىرىق كويغا بەرسىڭىز سىزدىن ئالاي، بولمىسا بازارغا بېرىپ ئالاي.

A: ئۇنداق قىلساق بولارمۇ ـ يا؟ ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، ئۇكام. ئالسىلا! مېنىڭ باھانەمدە بىر ئاياغلىق بولۇپ قالسىلا! كىيسىلە! چىرايلىق ئاياغتى ئەمما... ئا... قايلاۋەرگىنىنى...

B: (پۇلنى بېرىپ) ماقۇل ئەمىسە، مەن كەتتىم ـ ھە.

A: ماڭا قايلىسىلا، ئۇكام، مەيرگە كەلسىلە، ئاۋۇ يەرگە كەلسىلە (B نى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، ئۆزى B نىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرۇپ قاراپ) ۋيەي...

B: نېمە بولدى؟

A: مەن سىلىنى تونۇۋالدىم! سىلى ھېلىقى!...

B: قايسى ھېلىقى؟

A: سىلى ھېلىقى... ھېلىقىدا چىقىدىغان ھېلىقى! سىلى ھېلىقى «گۆردىن قاچقان ئۆلۈغ» دېگەن كىنودا (تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى دېمەكچى) ھېلىقى قارىغۇنىڭ رولىنى ئالغان قارىغۇ شۇ، ئەكەلسىلە ۋاي ئۇكام قوللىرىنى، سىلى شۇما ئاشۇ؟

B: ھەئە، مەن شۇ.

A: باياتىنراق دېگەن بولسىلا ئوتتۇز بەش ـ قىرىق كوي دېمەي، ئوتتۇز كويغىلا بېرەتتىم ئاياغنى مەن.

B: ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز، ئاكا، بۇنى...

A: ياق. لېكىن، ئۇكام، سودىدىن يانغىلى بولمايدۇ.

B: بولىدۇ، بولىدۇ، ئۇنداق بولسا بۇ ئاياغنى كىيگىلى نېسىپ بولسۇن.

A: شۇنداق بولسۇن. مەۋگە كەلسىلە، ئۇكام، ماۋۇ يەردە بىر ئىشتان بار. ئەتىگەندىن بېرى يەتتە ـ سەككىز ئادەم تالاشقاندى ساتمىغان. ئەمما بۇ «لىغ ـ لىغ ـ لىغ» قىلىپ تۇرىدىغان ئالامەت ئىشتان ماۋۇ، چەتنىڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەرنىڭ ئارتىسلاردىن بىرنەچچىسى سەھنىگىمۇ كىيىپ چىقتى دېسىلە ئۇنى.

B: ھە، مۇنداق دەڭ. ئۇنى چوڭ سەھنىلەرگىمۇ كىيىپ چىققىلى بولامدۇ؟

A: ۋاي... ئەمما سەھنىدە قىزىل چىراغنىڭ نۇرىدا كىيىدىغان بولسىلا، ئۇكام، ئوتقاشتەك «لاپ ـ لاپ ـ لاپ» قىلىپ كېتىدىغان ئىشتان جۇما ئۇ. (چاپاننى ئېسىۋالغان ئىلغۇچتىن بىر ئىشتاننى ئېلىپ بېرىدۇ) مانا ئىشتان دېگەن، دەھشەت ساز ـ ھە.

B: (رەختنى تۇتۇپ كۆرۈپ) ئىشتانغۇ بولىدىكەن، بۇ ئىشتان تار كېلىپ قالماس ـ ھە؟

A: ياق، ئۇكام، ئەگەر پاچاقلىرى كەڭ بولمىسا، ئىشتان ھەرگىز تار كەلمەيدۇ.

B: ھە، بوپتۇ، بۇنىڭ باھاسى قانچە؟

A: باياتىن چاقچاق قىلدىم دەپ «پۇف» قىلىپ قويدىلا. ئەمدى لېكىن ئۇنىڭغا ساتمايمەن. بۇ ئىشتانغا ئۆزلىرى بىلىپ بىر نېمە دېمەملا؟

B: ئۇنداق بولسا، بۇنىڭغا ئوتتۇز كويلا بېرەي.

A: ياق، ئوتتۇز كويغا كەلمەيدۇ، ئۇكام. تۆت يانچۇقى بار ئىشتان تۇرسا ئۇ.



B: بېرىڭە، بەرسىڭىز ئىشتانىنىمۇ ئالاي، بولمىسا ئاياغنىلا ئېلىپ ماڭاي.

A: ئوتتۇز كويغىما؟... ئاپلا... مەيلى ئۇكام! ئالسىلا! ۋاي ـ ۋۇي، سىلى ئىي تېلېۋىزورغا كىيىپ چىقىپ قالسىلا «مەن ساتقان ئىشتانتى» دەپ پەخىرلىنىپ ئولتۇرارمەن.

B: (پۇلىنى بېرىپ) ماقۇل ئەمىسە، ئاكا! ھە، مەن ماڭاي.

A: ماقۇل، ئۇكام. (B قايتىپ كېلىدۇ) ماڭسىلا!

B: ماڭا قاراڭ، ئاكا. ھەرنېمە بولسا بۇ ئىشتاننى ئالدىم دەڭە. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ يەردە كىيىپ بېقىپ ئوبدان كەلسە ئاندىن ئالايمىكىن دەيمەن.

A: ئەمدى، ئۇكام، ئىشتاننى كىيەملا، ساتاملا، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. ئەمدى سىلىنىڭ بولۇپ كەتتى، ئۇكام، مەن ئارىلاشمايمەن. نېمە قىلسىلا مەيلى.

B: ئۆيگە ئاپىرىپ كىيىپ سىناپ بولۇپ ئەكەلسەم سىزمۇ قايتۇرمايسىز ھەقىچان. ئەڭ ياخشىسى، چوڭ كېلەمدۇ، كىچىك كېلەمدۇ، مۇشۇ يەردىلا كىيىپ سىناپ باقاي...

A: ياق، ئۇكام، ئىشتان سىلىگە چوڭ ـ كىچىك كېلىدىغان ئىش بولمايدۇ. زاۋۇتتىن سىلىگىلا ئۆلچەپ تىككەن ئىشتان ماۋۇ. كېلىدۇ سىلىگە، نەق كېلىدۇ.

B: شۇنداقتىمۇ مۇشۇ يەردە بىر كىيىپ باقسام بوپتىكەن. (ئەتراپقا قارايدۇ) دالدا قىلغۇدەك يەرمۇ يوقمۇ نېمە؟...

A: بەك كىيگىلىرى كېلىپ كەتتىمۇ، ئۇكام؟

B: ھەئە، بىر كىيىپ باقاي...

A: ماۋۇ تەرەپكە قارىسىلا (تارتىپ كەينىگە بۇرۇلدۇرۇپ، كۆڭلىكىنىڭ ئارقا ياقىسىغا چاپاننى ئېسىپ قويىدۇ) كىيسىلە، ئۇكام، توسۇپ قويدۇم.

B: (ياقىسىدىكى چاپاننى قايتۇرۇپ بېرىپ) چاقچاق قىلماڭە، ئاكا. بۇنداق قىلساق...

A: ۋاي ـ ۋۇي... ئۇنىڭغا تېخى ئۇنىمايلا، ئۇكام، بۇنىڭغا تېخى ئۇنىمايلا. ئۇنداق بولسا مۇنداقلا قىلايلى. ماۋۇ ئىشتان ئالامەت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشتان. مۇشۇ ئىشتانلىرىنىڭ ئۇستىدىنلا كىيىۋەرسىلە، ھە، كىيسىلە، ياھ... بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. ئىشتاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، سىلىنىڭ ئۆمۈرلىرى قىسقا بولسۇن، ئۇكام، كىيسىلە.

(B ئىشتاننى كىيىدۇ. ئىشتان ئۇنىڭ تىزىغا كېلىدۇ)

A: (Bنى ئايلىنىپ ماختاپ) ۋاي، ۋاي... ئەمما نەقلا كەلدى، ئۇكام — ھە! بىر ئۇزۇن پايپاق بولۇپ كەتكەن بولسا...

B: (تېرىكىپ) پاچاق ئېچىلىپ قالدىغۇ؟

A: نېمە دەيلا؟

B: پاچاق ئېچىلىپ قالدى!

A: ئۇكام! بۇ پاچاق دېگەننىڭ ئانچە — مۇنچە ئېچىلىپ كۆرگىنى ياخشى. نېمە قىلىدىلا خۇدايىم بەرگەن پاچاقنى ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ دەيمەن.

B: قانداق كىيگىلى بولىدۇ بۇ كالتە ئىشتاننى؟

A: قايىلىسىلا، ئۇكام، ماۋۇ ئىشتاننىڭ ئاجايىپ ئالاھىدىلىكلىرى بار. سىلى ئۇقالمايۋاتىلا. پاچاق ئېچىلىپ تۇرسا رېماتىزم بولمايلا. بۇ ئىشتاننىڭ ئالاھىدىلىكى رېماتىزمنىڭ ئالدىنى، سارىسىنىڭ كەينىنى ئالىدىغان ئىشتان بۇ! كىيىۋەرسىلە.

B: نېمانداق... بۇ... كىم كىيىدۇ بۇنداق ئىشتاننى.

A: ۋاي، جېنىم ئۇكام. ھازىر قىزلارنىڭ ھەممىسى «مودا» دەپ مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ كىيىۋاتىدۇ (تىزىنى كۆرسىتىدۇ) سىلىمۇ كىيىۋەرسىلە دەيمەن.

B: ۋاي، مەن يا قىز بالا بولمىسام!

A: ھە... بۇرۇت بار راست سىزدە — ھە؟ لېكىن سىلى بۇ ئىشتانغا كۆنمىگەندىكىن شۇنداق بىلىنىدۇ. سىلى بۇرۇن ھېلىقى لوبەنكۇ، نيۇزەيكۇ دېگەننى كىيگەن — ھە؟

B: ھەئە.

A: ماۋۇ قانداق ئىشتان بىلەملا؟

B: ياق.

A: كۇساركۇ!



B: قاملاشمىغان گەپنى قىلماڭە. (ئىشتاننى سالىدۇ)

A: سېلىۋەتتىلىغۇ، ئۇكام بۇ؟... ھە، بوپتۇ، ھېيتتا كىيەرلا ئۇكام ئوبدان قاتلاپ. لېكىن سەل مەينەت بولۇپ كېتىپ قالدى. شۇڭا يۇيۇپ دەزمال سېلىپ كىيەرلا، ماقۇل، ئۇكام، مەن...

B: ھەي — ھەي، توختاڭ. ماۋۇ ئىشتان كالتە كېلىپ قالدى قاراڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماۋۇ ئاياغمۇ بەك پۇراپ كېتىپتۇ...

A: قايىلىسىلا، ئۇكام، سىلى بىرنەرسە ئېلىشنى بىلەملا؟ ئاياغ دېگەننىڭ ئانچە — مۇنچە پۇراپ تۇرغىنى ياخشى. ئاياغ دېگەن ئوبدان — ئوبدان پۇراپ بەرسە، كەچتە ئۆيلىرىگە ھاشارات كىرمەيدۇ، پاشا چېقىۋالمايدۇ، ئېلىۋەرسىلە.

B: ھەي، بۇ كىيىملەرنى قانداق كىيگىلى بولىدۇ دەيمەن، ئەڭ ياخشىسى، مالنى ئېلىپ قېلىپ، پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىڭە بولدى.

A: ياق، ئۇكام، ئەمدى قايتۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ بىز تىجارەتچىلەرنىڭ قائىدىمىز، ئۇكام. ساتىمىز، قايتۇرمايمىز.

B: ۋاي، مەن ھازىر ئالدىمغۇ تېخى.

A: مەيلى ھازىر، مەيلى كېيىن ئالسىلا، قايتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇكام. مۇنداق قىلايلى، مەيەردە بىر دانە بىلەزۈك بار، بۇنى قولغا سالسىمۇ بولىدۇ، مەيەرگە مۇنداق قىلىپ (قۇلىقىغا ئېسىپ كۆرسىتىپ) بىرنەرسە قىلسىمۇ بولىدۇ. ماۋۇنى ئالسىلا!

B: ۋاي! قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىرنېمىكەنغۇ بۇ؟

A: ئۇكام، قارا ئالتۇن.

B: ئەستاغپۇرۇللا، ھەي بۇ ئالتۇننىڭمۇ قارىسى بولامدۇ؟

A: ئۇكام، ئاق ئالتۇن، سېرىق ئالتۇنغا ئىشىنىلا، قارا ئالتۇنغا ئىشەنمەملا؟ ماۋۇ خاڭدىن چىققان ئالتۇن. ئالتۇننىڭ نېگىرى. بۇنى بارغۇ، خوتۇنلىرىغا ئالغاچ بارسىلا خۇش بولۇپ قالىدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن ئاجىز خەق ئەمەسما؟

B: ۋاي، مېنىڭ خوتۇنۇم يوق، ئاكا.

A: ئۇ! ئاجرىشىپ كەتتىڭلارما؟ ياۋ...! «سىلىق يەردە سوپۇن تۇرماپتۇ، ئارتىسنىڭ قولىدا خوتۇن تۇرماپتۇ» دېگەن راست گەپكەندە؟

B: ھەي ئاكا، تولا قۇرۇق گەپنى قىلماڭ، مەن تېخى ئۆيلەنمىگەن.

A: ھە، توغرا، ئۆيلىنىپ بولۇپ، ئاندىن ئاجرىشىلا راست ـ ھە؟

B: بولدى، ماۋۇ مالنى قايتۇرۇۋېلىڭە، مەن ماڭاي.

A: مۇنداق قىلايلى، ئۇكام، سىلى ئۇنىڭ گېپىنى قىلماي تۇرۇپ تۇرسىلا (سومكىسىنى ئاختۇرۇپ) ئەمما مەيەردە بىر سائەت بار. مانا! ماۋۇ سائەتنى ئالسىلا! شۋېيتسارىيەنىڭ جىرىس ـ تىرىس ماركىلىق سائىتى. ئالامەت ئېسىل سائەت ـ ھە!

B: ۋاي، بۇ توختاپ قاپتىغۇ؟

A: ئۇكام، بۇ ئادەم ماڭىدىغاندا ماڭىدىغان چەنزىدۇڭ سائەت. بۇگۈن يەكشەنبە بولغاندىكىن ئارام ئالغان ئوخشايدۇ.

B: ۋاي بولدى، مەن سائەت ئالمايمەن. ماۋۇ مالنى قايتۇرۇپ پۇلۇمنى بېرىڭە.

A: ۋاي ئۇكام، سىلى تېخىچە مۇشۇ گەپتىما؟ بوپتۇ، مەن سىلىگە ئېتىبار بېرەي، ساتقان مالنى ئەسلىي قايتۇرغىلى بولمايدۇ دېسىلە، شۇڭا ئالماشتۇرۇپ بېرەي.

B: نېمىگە ئالماشتۇرىمىز بۇنى؟

A: مەيەردە بىر شەپكە بار.

B: قايسى شەپكە.

A: (بېشىدىكى شەپكىنى كۆرسىتىپ) مانا!

B: مېنىڭ شەپكەم بار تۇرسا.

A: ئاھاي، ئۇ باشلىرىدىكىنىمۇ شەپكە دېگىلى بولامدۇۋەي، ئۇكام. ماشىنا دەسسىۋەتكەن ئەنجۇردەك تۇرسا ئۇ. (بېشىدىكى شەپكىنى ئېلىپ) مانا ماۋۇنى شەپكە دەيمىز. نېمىگە ئىشلەتسىلە بولىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق شەپكە... قانداق؟

B: بولدى، چاقچاقنى قويۇپ، ماۋۇنى قايتۇرۇۋېلىڭە بولدى.

A: قايتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇكام.

B: ئەڭ ياخشىسى بۇنى قايتۇرۇڭ.



A: ھە، قايتۇرمىسامچۇ؟

B: ھە؟ بىكار ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە بارىدىغان ئىش چىقارمىكىن.

A: ئىسمايىلكامنىڭ ئۆيىگە؟

B: ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە.

A: مەكەلىسىلە، ئۇكام، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى... ئاۋۇ كوچىنى كۆردىلىما؟ ھە، ئاشۇ يەرگە بېرىپ سولغا بۇرۇلسىلا بىر بەش قەۋەتلىك بىنا بار. شۇنىڭ ئالتىنچى، ھە... ياق، بەشىنچى قەۋىتىدە. بارسىلا، سىلى مېنى شۇنداق دەپ قورقىتىمەن، دەپ ئويلاۋاتاملا؟ مېنىڭ بۇ يەردە مۇقىم دۇكىنىم يوق، ئۇكام، مەن كوچىمۇكوچا تىجارەت قىلىدىغان ئادەم، ئۇلار مېنى تۇتۇپ بولالمايدۇ.

B: ھەي، جېنىم ئاكا! خالىغىنىڭىزچە ئازراق پۇلنى تۇتۇۋېلىپ قالغان پۇلنى بولسىمۇ قايتۇرۇپ بېرىڭە بولدى.

A: سەت تۇرارمىكىن؟

B: مەيلى، مەن رازى.

A: مەيلى، ئۇكام، كۆڭۈللىرى... دەپ قالدىلا، بولمىسا... (پورتمانىنى ئاختۇرۇپ) باياتىن نەچچە پۇل بەرگەن سىلى.

B: يەتمىش كوي بەرگەن.

A: مەيلى ئەمىسە، مانا ئون كوي، ئۇكام. تاكسىغا ئولتۇرۇپ كەتسىلە، ئاشقىنىنى خەجلىسىلە.

B: ھەي، ئىنساب بىلەن ئىش قىلىڭە، ئاكا. ھارامدىن قورقامسىز؟

A: نېمە؟... ھارام؟ «ھارام بىردەم بولسىمۇ جانغا ئارام» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سىلى؟

B: ھەي! ماۋۇنى قايتۇرامسىز زادى؟

A: (شەپكىسىنى تەتۈر كىيىپ) ھەي! نېمە دەيسەن؟ مەيەرگە كېلە، ئاداش! ھەي! «بىر ئادەم بىر كۈندە مىڭ ئېغىز گەپ قىلسا ئۆلىدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ مەن ساڭا نەچچە مىڭ ئېغىز گەپ قىلىپ بولدۇم؟ ناۋادا ساڭا چۈشەندۈرىمەن دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**

阿布都克里木·阿布列孜小品集：维吾尔文/阿布都克里木·阿布列孜 著. -乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.2
ISBN 978-7-5371-9346-7

Ⅰ. ①阿… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①小品（戏剧）-剧本-作品集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. ① I238.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 024905 号



«تاراڭگىدە» چۈشۈپ كېتىپ، ئۆلۈپ - تارتىپ كېتىپ قالسام، سەن مېنى تۆلىيەلەمتىڭ؟ نېمە جېنىمنى چىقىرىدۇ ماۋۇ...

B: (ئاياغ بىلەن ئىشتاننى ئېتىپ تاشلاپ) ۋاي ئالغىنە، راست ھارامدىن قورقمايدىغان جەددال نېمىكەنسەن ئالغىنە! (كېتىپ قالىدۇ)

A: ۋاي، ماڭغىناۋاي! جىڭ ناۋاتچىنىڭ قازىنىغا يۈز مىڭ يىل چىلاپ قويسا تەمى چىقمايدىغان لاۋزىكەن ماۋۇ جيۇجاڭ كىيىدىغان ئارتىس! يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجىنىغا زىيان.





责任编辑：热米拉·阿布拉
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 阿布都克里木·阿布列孜小品集（维吾尔文）

阿布都克里木·阿布列孜　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆希望印刷厂印刷
880×1230毫米　32开本　4.625印张
2011年2月第1版　2013年11月第2次印刷

ISBN 978-7-5371-9346-7　定价：12.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى



# ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتۈتلىرى

ISBN 978-7-5371-9346-7

9 787537 193467 >

باھاسى: 12.00 يۈەن